2000 يىل 28 - ئوكتەبىر شەنبە №10 (4135)

يېڭى ھايات

Йеңи һаят

جۇمھۇرىيەتلىك ئىجتىمائىي - سىياسىي گېزىت. 1970 - يىلى 1 - يانۋاردىن باشلاپ چىقىۋاتىدۇ

ئۇچرىشىش

مۇھىم مەسىلىگە بېغىشلاندى

ھازىرقى ھاياتىمىزنى ئاممىۋى ئەخبارات ۋاستىلىرىسىز پەرەز قىلىش مۇمكىن ئەمەس، ئەلۋەتتە. چۈنكى ھەر بىر ئادەم جەمىيىتىمىزدە. دۇنيادا قانداق ۋاقەلەرنىڭ يۈز بېرىۋاتقانلىقىغا قىزىقىدۇ. شۇنداقلا خەلقىمىزنىڭ مەدەنىيەت دەرىجىسىنىڭ ئۆسكەنلىكى، ئىجتىمائىي ئاكتىۋلىقى كۈندىلىك ھاياتىمىزنى ئەينە شۇ گېزىت - ژۇرناللارغا، رادىو - تېلېۋىدېنىيىگە مۇراجەت قىلىشقا تەبىئىي ھالدا ئۈندەيدۇ. ئىجتىمائىي جەريانلارنىڭ ئۆزگىرىپ تۇرۇشى. دۇنيانىڭ ھەر تۈرلۈك جايلىرىدا قىزىقارلىق ۋاقەلەرنىڭ يۈز بېرىپ تۇرۇشى مەتبۇئات ۋاستىلىرى ئەھمىيىتىنى ھەسسىلەپ ئاشۇردى. ئەينە شۇنىڭ ئۈچۈن مىللىي مەتبۇئاتىمىز جامائەتچىلىك پىكرىنىڭ مۇنبىرى بولماقتا.

يېقىندا «ئۇيغۇر ئاۋازى» تەھرىراتىدا كېلەر يىلغا «ئۇيغۇر ئاۋازى»، «يېڭى ھايات» گېزىتلىرىغا مۇشتىرى توپلاش مەسىلىسىگە بېغىشلانغان ئۇچرىشىش بولۇپ، ئۇنىڭغا ئۇيغۇر يۇرتلىرىنىڭ ۋەكىت باشلىرى، گېزىتلىرىمىزنىڭ جانكويەرلىرى ئىشتىراك قىلدى.

ئۇچرىشىشنى «ئۇيغۇر ئاۋازى»، «يېڭى ھايات» گېزىتلىرىنىڭ باش مۇھەررىرى يولداش ئازاماتوۋ قىسقىچە كىرىش سۆز بىلەن ئېچىپ، ھەر ئىككى گېزىتنىڭ ئۆتكەن يىل ئىچىدە ئەمەلگە ئاشۇرغان ئىشلىرىغا، مىللىي مەتبۇئاتىمىزغا باغلىق ئەھۋالغا تەپسىلىي توختىلىپ، ئاندىن ۋەكىت باشلىرى بىلەن گېزىتلىرىمىز ئاكتىۋىستلىرىنىڭ ھەر يىلى مۇشتىرى توپلاش ئىشىغا قولىدىن كېلىشچە ياردەم بېرىپ كېلىۋاتقانلىقىنى، بۇ قېتىم 2001 - يىلغا مۇشتىرى توپلاش ئىشىغىمۇ پائال ئىشتىراك قىلىدىغانلىقىغا ئىشىنىدىغانلىقىنى ئىزھار قىلدى. باش مۇھەررىر ۋەكىت باشلىرى ۋە گېزىتلىرىمىز ئاكتىۋىستلىرىغا مۇشتىرى توپلاش كامپانىيەسىنى بۇ قېتىممۇ ئۇتۇقلۇق ئۆتكۈزۈش، شۇنداقلا گېزىتلىرىمىزنىڭ تېخىمۇ سۈپەتلىك، مەزمۇنلۇق چىقىشى ئۈچۈن ئۆز پىكىر - تەكلىپلىرى بىلەن ئورتاقلىشىشقا چاقىردى.

ئاندىن سۆزگە چىققان تالغىر ناھىيەسى بېساغاچ يېزىسىدىكى گېزىتلىرىمىز جانكويەرى دەۋلەت غوجامبەردىيېۋ «يېڭى ھايات»، «ئۇيغۇر ئاۋازى» گېزىتلىرىنىڭ 2001 - يىلمۇ ئۆز يۇرتىدا كەڭ دائىرىدە تارقىلىشىغا بارلىق كۈچ - غەيرىتىنى سەرىپ قىلىدىغانلىقىنى تەكىتلەپ، ژۇرنالىستلارغا گېزىتلىرىمىزنىڭ تېخىمۇ قىزىقارلىق چىقىشى ئۈچۈن ئۈستۈن تەلەپ قويۇلۇشى لازىملىقىنى ئېيتىپ ئۆتتى.

ئالمۇتا ۋىلايىتى تالغىر ناھىيەسى بېساغاچ مەھەللىسىنىڭ ۋەكىت بېشى ھۈسەيىن ئىلياس «يېڭى ھايات» گېزىتىنىڭ بىر نەچچە سانىدا بېرىلگەن ئۇيغۇرشۇناس ئالىم ماھىر موللاقىنىڭ «مېغىزى، شاكىلى بار ھەر نەرسىنىڭ» سەرلەۋھەلىك كولەملىك ئىلمىي ئەمگەك ئۈستىدە ئۆز پىكرىنى ئېيتىپ، خەلقىمىز مەنپىيەتدار ماقالىلارنىڭ «ئۇيغۇر ئاۋازىدىمۇ» بېرىلىشى ئەينى مۇددىما بولىدىغانلىقىنى، مۇنداق ماتېرىياللار ياش ئەۋلادنى ۋەتەنپەرۋەرلىك، مىللەتپەرۋەرلىك روھىدا تەربىيەلەشتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى ئالاھىدە تەكىتلىدى.

ئۇچرىشىشتا شۇنداقلا تاشلاق مەھەللىسىنىڭ ۋەكىت بېشى ئىلمىنەكەر قۇربانوۋ، سۇلتانقورغان مەسچىتى دىنىي باشقارمىسىنىڭ رەئىسى ئىزامىدىن گەرايېۋ، كوكتوبە مەھەللىسىنىڭ ۋەكىت بېشى سەيدۇللام مىيدېنوۋ، كازنوروش مەھەللىسى ئاياللار كېڭىشىنىڭ رەئىسى گۈلى ھۈسەنوۋا، تۈزدىباستاۋ يېزىسى ئۇيغۇر مەدەنىيەت مەركىزىنىڭ رەئىسى ئىسساق ئىلياس، ئالمۇتا شەھرىدىكى گېزىتلىرىمىز ئاكتىۋىستلىرى ئاۋاكرى ھاجىم، ئەركىن جەلىلوۋ، تارىخچى قاسىم مەسىمىي، ئاقساقاللار كېڭىشىنىڭ رەئىسى توختاسۇن بېيشانوۋ ئۆزلىرى ۋەكىل بولۇپ كەلگەن مەھەللىلەردىكى ئۇيغۇر ئائىلىلىرىنىڭ گېزىتلىرىمىزغا تولۇق مۇشتىرى بولۇشى ئۈچۈن بارلىق ئىشلارنى قىلىدىغانلىقىنى ئىزھار قىلدى.

ئاخىرىدا باش مۇھەررىر ئۇچرىشىش ئىشتىراكچىلىرىنىڭ كۆپلىگەن سوئاللىرىغا قانائەتلىنەرلىك جاۋاپ بەردى.

يادىكار سابىتى.

سىز «يېڭى ھاياتقا» مۇشتىرى بولدىڭىزمۇ؟

ھۆرمەتلىك گېزىتخان! ئەگەر سىز:

قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىدە مانا ئوتتۇز يىلدىن بۇيان ئەرەپ گرافىكىسى ئاساسىدىكى ئۇيغۇر يېزىغىدا، يەنى ئانا - بوۋىلىرىمىز، ئەجدادلىرىمىز قوللانغان يېزىقتا نەشر قىلىنىۋاتقان «يېڭى ھاياتنىڭ» تۇراقلىق دوستى ۋە خالىس مۇخلىسى بولۇپ قېلىشنى خالىسىڭىز؛

قازاقىستان ۋە باشقا م د ھ ئەللىرىدە ياشاۋاتقان ۋەتەنداشلىرىمىزنىڭ ھازىرقى ھاياتى، بۇ ئەللەردىكى ئىجتىمائىي - سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي ئەھۋال توغرىلىق خەۋەردار بولۇشنى خالىسىڭىز؛

يىراق چەت ئەللەردە ئىستىقامەت قىلىۋاتقان ۋەتەنداشلىرىمىزنىڭ ھاياتى، شۇنداقلا ۋەتەن داۋاسىنى خەلق ئارا مەيدانغا چىقىرىش يولىدا جىددىي ھەرىكەت قىلىۋاتقان مۇجاھىدلىرىمىزنىڭ پائالىيىتى ھەققىدە بىلىشنى خالىسىڭىز؛

خەلقىمىزنىڭ قەھرىمانلىقىغا ۋە شۇنداقلا پاجىئەلەرگە تولۇپ تاشقان تارىخى، قېدىمىي باي مەدەنىيىتى ۋە ئەدەبىيات - سەنئەت ئەمۇنىلىرى بىلەن تونۇشۇشنى خالىسىڭىز؛

قىسقىسى، مىللىتىمىزنىڭ كېلەچىگىگە بىپەرۋا بولمىسىڭىز 2001 - يىلغا «يېڭى ھاياتقا» مۇشتىرى بولۇشنى ئۇنتۇماڭ.

كازپوچتا ئاكسىونېرلىق جەمئىيىتى بويىچە يېزىلغاندا:

جۇمھۇرىيەت تەۋەسىدە «يېڭى ھاياتنىڭ»

(ئىندېكسى 65359) يىللىق يېزىلىش باھاسى - 451 تەڭگە 80 تيىن.

ئالمۇتا شەھرىدە 439 تەڭگە 32 تيىن.

كازپاسپوسز ئاگېنتلىقى بويىچە جۇمھۇرىيەت تەۋەسىدە - 453 تەڭگە؛ ئالمۇتا شەھرىدە 438 تەڭگە.

مەرھەمەت خالىس ئىقتىسادىي ياردەم قولىنى سۇنغۇچىلارغا بىزنىڭ ھېساپ چوتىمىز:

р/с 406467897 ТОО "Висал" РНН600400099802
МФО 190501719, код719 АГФ ОАО Банк"Центр Кредит"

دەۋر تەلىۋى شۇنداق

ئۆزىمىزنى ئېتراپ قىلايلى

ئىنسانىيەت 21 ـ ئەسىرگە قەدەم تاشلاش ھارپىسىدا تۇرىدۇ. دۇنيادىكى كۆپلىگەن خەلقلەر 21 ـ ئەسىرنى ئىلىم ـ پەن ساھاسىدىكى،ئەدەبىيات ـ سەنئەت ۋە مەدەنىيەتتىكى چوڭ ئۇتۇقلىرى، كېلەچەك ئەۋلاتلىرىغا ياخشى ئۈلگە، مىراس بولارلىق، كەڭ دائىرىدە ئېتراپ قىلىنغان تۆھپىلەر بىلەن قارشى ئالماقتا. ئەندى بىزچۇ؟ ئۇيغۇرلارمۇ خۇددى باشقىلارغا ئوخشاشلا ئاللا ئەزىر قىلىپ ياراتقان خەلققۇ، بىزمۇ 21 ـ ئەسىرنى خۇددى باشقىلارغا ئوخشاش كۈتۈۋالايمىزمۇ، ياكى... ھە، مەسىلە نەق مۇشۇنۇڭدا! يەنى بىز ھازىرقى ئەھۋالىمىزنى تەھلىل قىلساق، باشقىلار ئالدىدا ئېغىز تولتۇرۇپ ئېيتقىدەك، ماختىنالىغىدەك بىر نەرسە دېيىشىمىز ناتايىن. ھە، ھەر نەرسىنىڭ ۋاقتى ـ سائىتى كەلمىسە، تېگىشلىك شارائىت يارىتىلمىسا، ئىزگۇ نىيەتلەرنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى بەسى مۈشكۈل، ياكى مۇمكىن ئەمەس.

ئەگەر بىز ئېرى بارماي، موشۇ 20 ـ ئەسىردە خەلقىمىزنىڭ بېشىغا كەلگەن ئېغىر كۆلپەتلەرنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرىدىغان بولساق. ئاللا بىزنى ئېمانچۇۋالا بەختسىز ياراتتىكىنە، دەپ ئېغىر خورسىنىمىز. 1918 ـ ژىلى يەتتىسۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ بېشىغا كەلگەن «ئاتۇ» پاجىئەسى، بەزى ئۇيغۇر يۇرتلىرىنىڭ يەر بىلەن يەكسان بولۇشى، شۇنىڭدىن كېيىنكى مەجبۇرى كوللېكتىۋلاشتۇرۇش، ئاچىدىن 34 ـ 37 ـ ژىللاردىكى باش ـ باشتاقلىق ھەرىكەتلەردە يەنە خەلقىمىزنىڭ مىڭلىغان ئەجايىپ پەرزەنتلىرىنىڭ يوقىتىلىشى، ئۇلۇق ۋەتەن ئۇرۇشىنىڭ ئاقىۋەتلىرى ۋە ھاكازىلار.

ئەندى ئۇيغۇرستاندىكى خەلقىمىز تېخىمۇ ئېغىر سىناقلارغا دۇچ كەلدى. ئەكسىيەتچى خىتاي باسقۇنچىلىرىنىڭ زۇلۇمىغا قارشى كۆتىرىلگەن كۆتىرىلىشلەر،ئۇلارنىڭ(1930 ـ ژىللار) س س س ر يادرىمى بىلەن رەھىمسىز باستۇرۇلۇشى، 37 ـ 38 ـ ژىللاردىكى ئامىسىي تەقىپلەش، 1944 ـ ژىلى ئۇيغۇرلار دىيارىنىڭ ئۈچ ۋىلايىتىدە پارتلىغان ئىنقىلاپ ۋە ئۇنىڭ نەتىجىسىدە مۇستەقىل شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرۇلۇشى، لېكىن چوڭ ئىمپېرىيەلەرنىڭ مەنپىيەتلىرى ئۈستۈن كەلگەنلىكتىن يەنە مۇستەقىللىقتىن ئايرىلىشىمىز ۋە 1949 ـ ژىلى قىزىل خىتاي ئىمپېرىيەسىنىڭ ئىلكىگە قايتىدىن ئۆتكەندىن كېيىنكى كەينى ـ كەينىدىن تا ھازىرغىچە ھەر خىل تۈس ـ قالپاقلار بىلەن داۋام قىلىۋاتقان تەقىپلەش ھەرىكەتلىرى خەلقىمىزنى جىسمانى جەھەتتىن ئاجىزلاشتۇردى،يۈز مىڭلىغان ۋەتەنپەرۋەر، مىللەتپەرۋەر پەرزەنتلىرىدىن جۇدا قىلدى، لېكىن مەنىۋى روھىنى، ئىستىقلالىيەتكە بولىغان ئىرادىسىنى سۇندۇرالمىدى...

مانا شۇنداق ئېغىر سىناقلارنى باشتىن كەچۈرگەن خەلقىمىزنىڭ زىيالىلىرى، شائىر ـ يازغۇچى، ئالىملىرى ھەر قانداق ئېغىر دەۋىردىمۇ ئىجادىيەتتىن قول ئۈزمىدى.لېكىن ئۆزىمىزنى باشقىلار بىلەن سېلىشتۇرساق، يەنى ئەھۋالى،شارائىتى بىز بىلەن ئوخشاپ كېتىدىغان خەلقلەر بىلەن سېلىشتۇرىدىغان بولساق،ئۇلاردىن پەرقىنىڭ بارلىغىنى، يەنى ئۇ پەرقىنىڭ بىزنىڭ پايدىمىزغا ئەمەسلىگىنى سېزىمىز.

بىزدە باشقىلاردىن ئۆگىنىش، ئۇلارنىڭ ئىلغار، زامانغا لايىق پەزىلەتلىرىنى ئۆزىمىزگە تەدبىق قىلىش ئىرادە سۈس بولسا كېرەك. مەسىلەن يەھۇدىيلارنى ئالايلى. ئۇلار ۋەتەنىدىن ئايرىلىپ، نەچچە ئەسىر ۋەتەن گاداسى بولۇپ سەرسانلىق، سەرگادانلىقتا ئازاپ چەكتى.ئۇلار ياقا يۇرتلاردا خورلىنىپ، يانچىلىپ، ۋەتەنسىز ياشاشنىڭ ئىنسان ئۈچۈن قانچىلىك ئېغىر ئىكەنلىگىنى ھىس قىلىپ، باشقىلارغا بوزەك بولماسلىقنىڭ بىردىن ـ بىر يولى بۇ پەقەت ئوقۇش، باللارنى ئالىي مەلۇماتلىق قىلىش ئۈچۈن بارلىق كۈچ ـ غەيرىتىنى سەرىپ قىلىش لازىم ئىكەنلىگىنى،خېلە بالدۇرلا چۈشەنگەن ئىدى.

ئا ق ش ئالىمى، پىسخولوگ س. ئارىت يەھۇدىيلار ئۈستىدە ئېلىپ بارغان تەتقىقاتىدا: «ئامېرىكىلىقلار «ئا ق ش نىڭ پۇلى يەھۇدىيلەرنىڭ يانچۇغىدا» دېسە. ئىسرائىللىقلار «يەھۇدىيلارنىڭ بايلىغى ئۇلارنىڭ كاللىسىدا». «ئىسرائىلنىڭ ئەڭ قىممەتلىك بايلىغى ئادەم»، «ئىسرائىلنىڭ دولەتتى گۈللەندۈرۈشتىكى دەسمايىسى مائارىپ» دېگەن مۇھىم مەسىلىنى يورۇتىدۇ. ئۇ كېينى، بېتخوۋېن، مېندېلسون، ماركس، زامېنوت، فرېون، سپىنوزا، چاپلىن، پىكاسسو، ئېينىشتېيىن، ئېرېنبۇرگ كەبى ۋە كۆپلىگەن مەشھۇر ئالىملارنى مىسالغا ئېلىپ، ئۇلارنىڭ نوبېل مۇكاپاتىغا ئازاۋەر بولۇش پائىزىنىڭ دۇنيادىكى باشقا خەلقلەردىن 28 ھەسسە ئۈستۈنلۈگىنى قەيت قىلىدۇ. س. ئارىت ئۆز تەتقىقاتىدا مۇنداق دەپ تەلىتلەيدۇ: «يەھۇدىيلار ئىجادىي قابىلىيىتىنىڭ ئۇرغۇشى ھەمىدە قازانغان مۇۋاپپەقىيەتلىرىنىڭ كۆپلۈكىدىكى سىر شۇكى، ئۇلار زىيانكەشلىككە ئۇچرىماي ھايات قالغان ئۆز ئىشلىرىغا پۇختا بولۇپ «قولايلىق مەدەنىيەت ۋاستىسىغا» ئېگە بولغان ياكى ئۇلاردىن پايدىلىنىشقا ماھىر بولغان. مەدەنىيەت ۋاستىلىرىدىكى قولايلىق ئۇلارغا ھەر خىل چارىلەر بىلەن ئەجداتلىرىنىڭ «تەۋرات» ۋە «تالمۇد»نى ئۆلۈقلاپ ئۆگىنىش ھەققىدىكى ۋەسىيەتلىرىنى ئەمەلدە كۆرسىتىش، ئېسىل مائارىپ تەربىيەسىگە ئىگە بولۇپ» «تېخىمۇ ئالىي شەكىلدىكى بىلىمگە قىزغىن مۇھەببەت باغلاش، باشقىلارنىڭ ئىلغار مەدەنىيىتىنى ئىجابىي قوبۇل قىلىش، ئۆزمۇلاشتۇرۇش، ئۆزگەرتىش ۋ شۇ ئاساستا يېڭىلىق يارىتىش ئىمكانىيىتىنى بەرگەن».

دۇنيادىكى ئەڭ قۇدرەتلىك. مائارىپى ئەڭ تەرەققىي قىلغان ئامېرىكىدا ئالىي مەكتەپ يېشىدىكى باللارنىڭ 60 پائىزى ئالىي مەكتەپتە ئوقۇسا، ئىسرائىلدا 75 پائىز بالا ئالىي مەكتەپتە ئوقۇيدۇ. يەھۇدىيلار: «ۋەتىنى بولمىغان ئادەمنىڭ مال ـ دۇنياسى ھەر ۋاقىت بۇلىنىپ كېتىش خەۋپى ئاستىدا تۇرىدۇ، لېكىن بىلىم ۋە قابىلىيەت «ئېلىپ ژۈرۈشكە بولىدىغان، ئومۇر بويى ئىشلىتىپ بولغىلى بولمايدىغان بىردىن ـ بىر مال ـ دۇنيا» دەپ قارايدىكەن. مانا موشۇنىڭ ئۆزى يەھۇدىيلارنىڭ بارلىق ساھالاردا شۇنچىلىك ئۆتۈق قازىنىشىنىڭ مۇھىم ئامىلى ئىكەنلىگىنى ياققال كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەس.

مانا يەھۇدىيلارنىڭ مۇنداق تەرەپلىرىنى ئۆگىنىشىمىز، ئۇلاردىن ئۈلگە ئېلىشىمىز لازىم بولسا كېرەك. چۈنكى ئىنسانىيەتنىڭ تەپەككۇر جەھەتتە مىسلىسىز تەرەققىي ئېتىۋاتقان، ئەڭ زامانىۋىي ئەخبارات ۋاستىلىرى، كومپيۇتېر ۋاستىلىرى ھەممە ساھادا ئۈستۈنلۈككە ئىگە بولۇپ ئەجايىپ ئالەمشۇمۇل يېڭىلىقلارغا، كەشپىياتلارنىڭ كۆن ساناپ جارىي قىلىنىشىغا تۈرتكە بولىۋاتقان ھازىرقى 21 ئەسىر ھارپىسىدا بىز يەنىلا «كونا خامانىنى سورۇپ»، «بىزنىڭ مەدەنىيىتىمىز قەدىمىي، بىز 12 مۇقامنى كەشىپ قىلغان خەلىق» دەپ ئەجداتلارنىڭ مىراسلىرى بىلەن ماختىنىپ غەپلەت ئۇيقۇسىدا ژۈرۈۋەرسەك، ئەجداتلارمۇ، كېلەچەك ئەۋلاتلارمۇ بىزنى كەچۈرمەيدۇ.

ھازىرقى جوشقۇن تەرەققىيات ـ بۇ دەۋىر تەلىۋى، ئۇ مىللەتنىڭمۇ تەلىۋى. ئەگەر بىز ۋۇجۇدىمىزغا سىڭىۋاتقان بەزى ناچار ئىللەتلىرىمىزنى (بۇ ھەقتە ـ يەنى بۇزۇلغان ئىجمائىي ئەخلاق ۋە ناچار ئىللەتلىرىمىز توغرىلىق گېزىتىمىزنىڭ مارت ـ ئاۋگۇست سانلىرىدا كورنەكلىك ئالىم ماھىر مۇللاقىنىڭ «مېغىزى، شاكىلى بار ھەر نەرسىنىڭ» سەرلەۋھەلىك كولەملىك پۇبلىستىكىلىق ماقالىسىدا ناھايىتى ئىشەنەرلىك ھالدا ئوتتۇرغا قويۇلغان) يوقىتىشقا بارلىق كۈچىمىزنى سەرىپ قىلمىساق كېرەك. ئەگەر بىز ئۆزمىزنى ئېتراپ قىلمايدىغان بولساق ھازىرقى جوشقۇن دەۋرنىڭ ئېغىر سىناقلىرىدىن ئوتەلمەسلىكىمىز مۇمكىن. ھازىرقى بۇ رىقابەتچىلىككە تولۇپ تاشقان ئۆچۈر دەۋرىدە پەقەت كۈچلۈكلەرلا يېڭىپ چىقىدۇ. ئەندى غەپلەت ئۇيقۇسىدىن ئويغانمىغانلار بولسا بۇ رىقابەتتە شاللىنىپ تاشلىنىشى مۇمكىن. ئەينە شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ 20 ـ ئەسىردىكى خەلقىمىزنىڭ ئەجايىپ يالقۇنلۇق پەرزەنتلىرىنىڭ بىرى، شائىر ۋە فىلوسوف، مۇتەپەككۇر ئالىم، جامائەت ئەربابى ۋە مەرىپەتچى ئابدۇقادىر داموللامنىڭ «ئەقەئىد زورۇرىيە» (« زورۇر ئەقىدىلەر») ناملىق ئەسىرىدە:

« ـ ئىنساننىڭ خار ۋە زەبۇن بولماقىغا بەئىس نېمەدۇر؟

ـ ئىككى ئەرسەدۇر: بىرى جاھالەت ۋە نادانلىق، ئىككىنچىسى تەپرىق ۋە ئىختىلاپتۇر.

ـ ئىززەت ـ ئابروي ۋە قۇۋۋەت نېمە بىلەن بولىدۇ؟

ـ ئىلىم ـ مەرىپەت ۋە ئىتتىپاقلىق بىلەن بولىدۇ» دەپ يازغان بولسا، «نەسھەتى ئاما» دېگەن ئەسىرىدە:

«بۇ زامان غەپلەت ۋە بىپەرۋالىق زامانى ئەمەس،ئويغىنىش ۋە سەگەكلىك زامانى، جاھىللىق ۋە نادانلىق دەۋرى ئەمەس، ئىلىم ـ مەرىپەت دەۋرىدۇر. سۇسلۇق ۋە بىكارتەلەپلىك ۋاقتى ئەمەس، تىرىشىش ۋە غەيرەت قىلىش ۋاقتىدۇر. باشقا مىللەتلەر ئىلىم ـ مەرىپەت سايىسىدا ھاۋادا ئۇچۇپ پەرۋاز قىلماقتا، سۇ ئاستىدا بولسا، خۇددى قۇرۇقلۇقتا ۋۇرگەندەك ئەركىن ئۈزۈشمەكتە. بىز تېخى غەپلەت ئۇيقىسىدا ياتماقتىمىز. ئۇيقا بولسا ئۆلۈمنىڭ بۇرادىرى ۋە مۇقەددىمىسىدۇر. بۇ ھالەتتە دايىم ئۇخلىماق ـ يوقىلىش ۋە ئولۇم يولىدۇر.ھېلىھەم ۋاقىت ۋە پۇرسەت بار دەپ خىتاپ قىلغان ئىدى. ھە، مەشھۇر ئەدىبنىڭ 20 ـ ئەسىرنىڭ بېشىدا ئۆز خەلقىگە كويىنىپ قىلغان بۇ مۇراجىيىتى 21 ـ ئەسىرنىڭ ھارپىسىدا تۇرغان ھازىرقى كۈنىدىمۇ ئۆز ئەھمىيىتىنى يوقاتمىدى، بەلكى ئۇ خەلقىمىزگە نىسبەتەن قىلىنغان ئىنتايىن مۇھىم چاقىرىقتۇر.

ئامېرىكىلىق ئالىم موركان: «دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ ئالتۇن ئاچقۇچى تارىم ۋادىسىغا كومۇلگەن. قاچانكى بۇ ئاچقۇچ تېپىلسا، دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ سىرى ئېچىلىدۇ» ـ دېگەن. ھە، دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ ئالتۇن ئاچقۇچى كومۇلگەن كوھەر زىمىن ئىگىلىرى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ھازىرقى ئەۋلاتلىرى ئەجداتلىرىنىڭ ئەينە شۇ ياراتقان بىباھا ئەجايىپ مەدەنىيىتىگە ھەقىقىي يوسۇندا ۋارىسلىق قىلغان ھالدا ھازىرقى رەھىمسىز ۋە كەسكىن رىقابەتچىلىك دەۋرىگە مۇناسىپ تاقابىل تۇرۇپ، ئىلغار مىللەتلەر قاتارىدىن ئورۇن ئېلىش ئۈچۈن ئەينە شۇ ۋۇقۇرىدا تەكىتلەنگەن يەھۇدىيلەردەك بىلىم ئېلىشقا تەشنالىق بىلەن مۇناسىۋەت قىلىشىمىز ئەينى مۇددىيا بولىدۇ. بىز ئەينە شۇنداق قىلغاندىلا كوزلىگەن مەخسىتىمىزگە چوقۇم يېتىمىز، بىزگە باشقا يولمۇ يوق.

يادىكار سابىتتى.

گېزىتىمىز جانكويەرلىرى

مىھنىتى بىلەن ئابروي تاپقان موتىۋەر

يېقىندا، مەن ئىش بابى بىلەن ئالمۇتا ۋىلايىتى تالغىر ناھىيەسىگە قاراشلىق بىياغاش يېزىسىدا بولغان ئىدىم. ئۇيغۇرلار خېلە زىچ ياشايدىغان بۇ مەھەللىدە يۇرت ـ جامائەتنىڭ ھورمىتىگە سازاۋەر بولغان ئىمامەھەممەت ئاكا بىلەن تونۇشۇپ، بۇ يۇرت موتىۋەرى بىلەن مۇڭداشتىم. يۇرت ـ يۇرتىنىڭ ۋىكىت بېشى ھۈسەيىن ئىلياس ئىمامەھەممەت ئاكىنى تونۇشتۇرۇپ: يۇرتىمىزدىكى موتىۋەر زاتلىرىمىزنىڭ بىرى،تۇرمۇشنىڭ ئىسسىق ـ سوغلىرىنى بېشىدىن ئۆتكەزگەن. بۇ ھاياتنىڭ چىغىر يوللىرىدىن سۈرۈنمەي ئوتۇپ، مانا ھازىر باللىرى، نەۋرە ـ چەۋرىلىرى ۋە ئاغىنە ـ توغقانلىرى بىلەن ئۆزىنىڭ سەكسىنچى باھارىنى نىشانلاشقا نېسىپ بولدى، ـ دېدى.

ئىمامەھەممەت ئاكا بىلەن سوھبەتتە بولۇپ، ئۇ موسىيەپتتىن، سىز باللىرىڭىز، نەۋرە ـ چەۋرىلىرىڭىز بىلەن قوۋۇالشىپ، خاتىرجەم ياشاۋېتىپسىز، ئۆزىڭىزنى بەختلىك دەپ ھېساپلايمىز؟ ـ دەپ سورىغىنىمدا، مەن بەختلىك لېكىن ئۆزۈمەن ئېيتقاندا، ئانا ۋەتەن ياتلارنىڭ تاپىنى ئاستىدا خورلىنىۋاتسا. مەن ئۆزەمنى قانداقمۇ بەختلىك دەپ ھېساپلايمەن؟ ئۇ ـ مۇتىسىزلىك شەيتاننىڭ ئىشى، دەيدۇ دانا خەلقىمىز. مەنمۇ مىللىيونلىغان ئۇيغۇر خەلقىدەك كېلەچەككە ئۈمۈت بىلەن قاراپ ياشاۋاتىمەن، ـ دېدى ئۇ.

ئىمامەھەممەت ئاكا 1920 ـ ژىلى ئۇيغۇرلار دىيارىنىڭ جاغىستاي يېزىسىدا دۇنياغا كەلگەن. ئۇ خەلقىمىزنىڭ سۆيۈملۈك پەرزەندى، ئاتاقلىق مەرىپەتچى ئەزەرغوجا ئابدۇسېمەتوۋنىڭ قولىدا بىلىم ئېلىشقا ساـزاۋەر بولىدۇ. ئاندىن پېداگوگىكا بىلىم يۇرتىنى پۈتتۈرۈپ، ئوتتۇرا مەكتەپتە تارىخ، جۇغراپىيە پەنلىرىدىن دەرس بېرىدۇ. ئانا دىيارىمىزنىڭ ئۈچ ۋىلايىتىدە پارتلىغان مىللىي ئازاتلىق ئىنقىلاپ نەتىجىسىدە شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندا، ئىمامەھەممەت ئاكا تاش يول باشقارمىسىدا جاۋاپكەرلىك خىزمەتلەردە بولىدۇ.

ـ خىتاي كوممۇنىستلىرى ئۇيغۇرلار دىيارىنى بىر پاي ئوق ئاتماي ئىشغال قىلىۋېلىپ، ئاندىن پەيدىن ـ پەي ئۆزلىرىنىڭ غەرەزلىك مەخسەتلىرىنى پىلانلىق تۈردە ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا باشلىدى. 50 ـ ژىللىرى ۋۇرگۈزۈلگەن ھەر تۈرلۈك بەدنام ھەرىكەتلەرنىڭ تىغ ئۇچى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئىلغار، كوزى ئوچۇق زىيالىلىرىغا قارشى قارىتىلدى، بىزنىڭ جاغىستايدىمۇ خەلقىمىزنىڭ ۋۇرۇگىنى موجۇش ئۈچۈن ھە دېگەندىلا «پانتۈركىست»، «باي، پومېشىك» دېگەن قالپاقلار بىلەن بىر نەچچە ئادەم ئېتىلدى. موشۇ ھەرىكەتلەردىن كېيىن بىز خىتاي كوممۇنىستلىرىنىڭ «بىز سىلەرگە سوتسىيالىزم قۇرۇشقا ياردەم بېرىپ، ئاندىن چىقىپ كېتىمىز» دېگەن ۋەدىلىرىنىڭ يالغان ئىكەنلىگىگە كوز يەتكۈزدۇق»، ـ دەيدۇ ئىمامەھەمەت ئاكا.

كەينى ـ كەيندىن داۋاملىق بولۇپ تۇرغان ھەر خىل سىياسىي ھەرىكەتلەر دەۋرىدە ئىمامەھەمەت ئاكىمۇ ھەر خىل يالىلار چاپلىنىپ، تەقىپلەندى، ئۇ 1963 ـ ژىلى ئائىلىسى بىلەن قازاقىستانغا كوچۇپ چىقىشقا مەجبۇر بولىدۇ. بۇ يەردە ئۇ ھەر خىل ئورۇنلاردا ھالال ئەمگەك قىلىپ، ھورمەتلىك دەم ئېلىشقا چىقىدۇ.

ـ مەن «يېڭى ھايات»، «ئۇيغۇر ئاۋازى» گېزىتلىرىمىزنى خەلقىمىزنىڭ ئىككى كوزىگە قىياس قىلىمەن. بىز ئۆزىمىزنىڭ كىملىكىنى ئەينە شۇ گېزىتلىرىمىز ئارقىلىق بىلىمىز. بولۇپمۇ، «يېڭى ھايات» گېزىتى مېنىڭ ھەققىي ئەگۈشتەرىمگە ئايلاندى دېسەم مۇبالىغە بولمايدۇ. «يېڭى ھايات» گېزىتىدىكى خەلقىمىزنىڭ تارىخىغا بېغىشلانغان مۇھىم ماقالىلار ھېچ كىمنى پەرۋاسىز قالدۇرالمايدۇ، ئەينە شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ مەن بىرىنچىلەر قاتارىدا «يېڭى ھاياتقا» مۇشتىرى بولۇپ، باشقىلارنىمۇ ھەر ژىلى سۆيۈملۈك گېزىتىمىزگە مۇشتىرى بولۇشقا دەۋەت قىلىمەن، ـ دەيدۇ ئىمامەھەممەت ئاكا.

ھازىر ئىمەن، يۇرت ـ جامائەت ئىشلىرىنىڭ جانكويەرى ئىمامەھەممەت ئاكا 80 ياشقا تولدى، يېقىندا ئۇنىڭ پەرزەنتلىرى بىلەن نەۋرە ـ چەۋرىلىرى بۇ سەنەنى ئاتاپ، يۇرتقا دەستىخان يايدى. بۇ سورۇندا يازغۇچى مەسىمجان زۇلپىقار، گېزىتىمىزنىڭ جانكويەرلىرى ئەخمەت داۋۇت، ئۇرالىم روزى، ھۈسەيىن ئىلياس، دوۋلەت غوجامبەردىيېۋ ۋە باشقىلار يۇرت موتىۋەرىنىڭ ھايات ـ پائالىيىتى ھەققىدە توختىلىپ، ئۇنىڭغا سەممىي تىلەكلىرىنى ئىزھار قىلدى.

يادىكار سابىتتى.

پاجىئە

جىنايەتچىلەرنىڭ مىللىتى بولمايدۇ

23 - سېنتەبىر شەنبە كۈنى يۈز بەرگەن پاجىئە ئالمۇتىلىقلارنى قاتتىق تەۋرىتىپ، ھاياجانغا سالغان ئىدى. ئالمۇتىنىڭ شالياپىن ۋە مومۇش ئۇلى كوچىلىرىنىڭ دوخمۇشىدىكى «دۇبوك» مىكرورايونىدىكى ئۆيلەرنىڭ بىرىدە ئىچكى ئىشلار ئورگانلىرىدا رويخەتتىن ئۆتمىگەن ھالدا قانۇنسىز ياشاۋاتقان چەت ئەللىكلەر توغرىلىق خەۋەر تاپقان ئەۋېزوۋ ناھىيەلىك ئىچكى ئىشلار بۆلۈمىنىڭ خادىملىرى - پولىتسىيە كاپىتانلىرى مۇرات يۇسۇپوۋ بىلەن ئامانگېلدى ساگىيېۋ ئۇلارنىڭ ھۆججەتلىرىنى تەكشۈرۈش نىيىتىدە 256 - ئۆيگە كېلىدۇ. خوشنىلارنىڭ تەكىتلىشىچە، پولىتسىيە خادىملىرى دارۋازىنى چېكىپ: «ئۆيدە كىم بار؟» دەپ ۋاقىرىغىنىغا ھېچ كىم جاۋاپ بەرمىگەن. شۇڭلاشقا ئۇلار تامدىن سەكرەپ چۈشكەن. شۇنىڭدىن كېيىن نېمە بولغانلىقىنى ھېچ كىم بىلمەيدۇ. ئارىدىن بىر ئاز ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ئوي ئېگىلىرى تورت - بەش سۇمكىنى «ئائۇدى - 100» ئاۋتوماشىنىسىغا بېسىپ، غايىپ بولغان. پولىتسىيە خادىملىرىنىڭ ئۆيدىن قايتىپ چىقمىغانلىقىنى بايقاپ گۇمانلانغان خوشنىلارنىڭ بىرى پولىتسىيەگە خەۋەر قىلغان.

بۇ يەرگە يېتىپ كەلگەن «بۇران» توپى ئۆيدە پۇت - قولى باغلانغان ۋە بېشىغا ئېتىپ ئۆلتۈرۈلگەن يۇسۇپوۋ بىلەن ساگىيېۋنىڭ جەسەتلىرىنى كۆرىدۇ.

بۇ ئېغىر جىنايەتنى ئەمەلگە ئاشۇرغانلار كىملەر؟ [illegible] شەخس - خ خ ج پۇخراسى بازىل ھېيدەروۋ، 25 ياش. ئۇنىڭ شۇنداقلا قازاقستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ پۇخراسى ئەخمەتجان [illegible] دېگەن پاسپورتى بار. يەنە بىرى - جالالدىن [illegible]، خ خ ج پۇخراسى، 35 ياش. ئىككىنچى پاسپورتى بويىچە ئۇ تۈركىيە پۇخراسى شاھىن زىيا. ئۇنىڭ ئايالى ئايشە [illegible]، 28 ياشتا. ئۈچىنچىسى تۈركىيە پۇخراسى [illegible] پاسپورت بولۇشى مۇمكىن. ئۇلارنىڭ ئىككى پەرزەنتى - 5 ياشلىق [illegible] قىزى بار. [illegible]

[illegible] «ماناس» [illegible] خ خ ج پۇخرالىرى سۈپىتىدە رويخەتتىن ئۆتكەن. [illegible]

ئايرىم ئاممىۋى ئەخبارات ۋاستىلىرى، بولۇپمۇ ئالمۇتىدا نەشر قىلىنىدىغان بەزى رۇس تىللىق نەشرلەر، تېلېكانالالار بۇ پاجىئەنى [illegible] ئۇيغۇر مىللىتىنى تېررورىزمدا ئەيىپلەش ئۇسۇلىدىن پايدىلاندى. [illegible]

پولىتسىيە خادىملىرىنى ئۆلتۈرۈپ، قېچىپ كەتكەنلەر شەھەرنىڭ [illegible] كوچىسىدىكى 1 / 189 - ئۆينىڭ بىرىنچى قەۋىتىدىكى ئىككى بۆلمىلىك [illegible] خان، «سۇڭقار» مەخسۇس ئوترىدىنىڭ جەڭچىلىرى ئىچكىرىگە بېسىپ كىرىدۇ. بىراق ئۇلار «ئوي ئېگىلىرىنىڭ» قاتتىق قارشىلىقىغا ئۇچرايدۇ. شۇنداق قىلىپ جىنايەتچىلەرگە ئۈچ قېتىم ھۇجۇم قىلىنىدۇ، ئاخىرقى قېتىم كۆۋارتىرىغا ئالتە ر گ د - 5 گراناتىسى تاشلىنىدۇ. كۆۋارتىرىغا ئوت كېتىدۇ. جىنايەتچىلەر بۇ ۋاقىتتا ھالاك بولغان ئىدى.

بۇ كۆۋارتىدىن خېلىلا ئۇرغۇن قورال - ياراق، دىنىي كىتاپلار ۋە قانغا مىلەنگەن 10,5 مىڭ ئا ق ش دوللارى تېپىلغان. بۇنىڭدىن شۇنداق سوئال تۇغۇلىدۇ: ئۇلار قورال - ياراقنى ئوزلىرى بىلەن چەت ئەلدىن ئېلىپ كەلگەنمۇ؟ ئۇنداق بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. ئانداقتا قوراللارنى ئۇلار نەدىن، كىمدىن ئالغان؟

شۇنداق قىلىپ، ئىككى پولىتسىيە كاپىتانىنى ئۆلتۈرگەنلىكتە ئەيىپلىنىۋاتقانلار تولۇق يوقىتىلدى. ئەندى ئۇلارنىڭ بەشىنچىسى، ئىككى بالىسى بار ئايشەم ئەيىندىن، شۇنداقلا ئۇلارغا ياردەم بەرگەنلىكتە ئەيىپلىنىپ يەنە تورت كىشى قولغا ئېلىنغان.

قازاقستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ باش مىنىستىرى قاسىمژومارت توقايېۋ پارلامېنت دېپۇتاتلىرى ئالدىدا سوزگە چىقىپ، موشۇ ۋاقەگە مۇناسىۋەتلىك كوز قارىشىنى مۇنداق ئىزھار قىلدى: «بۇ ۋاقە بىلەن قازاقستاندىكى بارلىق ئۇيغۇرلارنى باغلاشتۇرۇشقا بولمايدۇ. ئۇلار قازاقستان خەلقىنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى، ئەسىرلەر بويى بىز بىلەن بىللە ياشاپ كېلىۋاتىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ قېدىمىي تارىخى ۋە باي مەدەنىيىتى چوڭقۇر ئىززەت - ھورمەتكە مۇيەسسەر...»

باش مىنىستىرنىڭ بۇ سوزى ئۇيغۇرلارنى تېررورىزمدا ۋە سېپاراتىزمدا ئەيىپلەشكە ئۇرۇنۇۋاتقانلارغا جاۋاپ بولىدۇ، دەپ ئويلايمىز.

* * *

موشۇ ۋاقە سادىر بولغاندىن كېيىن كوپلىگەن گېزىتخانلىرىمىز كەينى - كەيندىن تېلېفون قىلىپ، خەت ئەۋەتىپ ۋە بەزى گېزىت مۇخلىسلىرىمىز رېداكسىيەگە كېلىپ، ئۇنىڭغا ئوز ئىنكاسلىرىنى ئىزھار قىلدى. ئىككى پولىتسىيە خادىمىنى ئولتۈرگەن تورت خ خ ج پۇخراسىنى ئەيىپلىگەنلەرمۇ، «ئەگەر پولىتسىيە خادىملىرىنى ئولتۈرگەنلەر ئۇلار ئەمەس بولسىچۇ؟!»، دەپ شۈبھىلەنگەنلەرمۇ، پولىتسىيە خادىملىرىنىڭ كوپ تەۋەتلىك تۈرۈشلۇق ئويىگە قىلغان ھۇجۇمىغا نارازى بولغانلارمۇ، ئەكسىچە، ئۇلارنىڭ بۇ ھەرىكىتىنى توغرا باھالاپ، ھېسداشلىق بىلدۈرگەنلەرمۇ بولدى. لېكىن، شۇنى ئالاھىدە تەكىتلەش لازىمكى، كوپچىلىكنىڭ پىكرى بىر يەردىن چىقتى: «قەستەن قاتىللىق قىلغانلارنىڭ ھەممىسى جىنايەتچى ۋە ئۇلار قانۇن ئالدىدا جاۋاپ بېرىشى كېرەك. لېكىن ئۇلارنىڭ مىللىتى ئۇيغۇر ئىكەن دەپلا پۈتۈن-سۈرۈك بىر خەلقنى تېررورىزمدا ۋە سېپاراتىزمدا ئەيىپلەشكە بىز قەتئىي قارشى. بۇ پۈتكۈل ئۇيغۇر خەلقىنىڭ شەنىگە داغ چۈشىرىدۇ. بۇ جىنايى ھەرىكەتكە قازاقستان ئۇيغۇرلىرىنىڭ ھېچ قانداق ئالاقىسى يوق» ۋە ھاكازىلار.

بۇ ۋاقە مۇناسىۋىتى بىلەن بەزى بىر رۇس تىللىق ئاممىۋى ئەخبارات ۋاستىلىرى، بولۇپمۇ «كاراۋان» گېزىتى بىلەن «ك ت ك» تېلېكانالى ئۇيغۇرلارنى سېپاراتىزمدا ۋە تېررورىزمدا ئەيىپلەپ، مىللىتىمىز شەنىگە داغ چۈشىرىدىغان بۇ ئىبارىلارنى تۈراقلىق قوللىنىشتىن ئەيمەنمىدى. ئۇنى ئاز دېگەندەك، دەسلەپكى كۈنلىرى ئالمۇتىنىڭ ئۇيغۇرلار زىچ ياشايدىغان مەھەللىرىدىكى يۈزلىگەن ئۇيغۇر ئائىلىلىرىنىڭ ئويلىرىنى تىنتىش قىلغان پولىتسىيە خادىملىرىنىڭ قوپال ئىش - ھەرىكەتلىرى ئاھالىنىڭ قانۇنىي نارازىلىقىنى پەيدا قىلدى. بۇنىڭغا بىر - ئىككى دەلىل كەلتۈرەيلى.

درۇژبا مەھەللىسىدىكى ھورمەتلىك ۋە ئىناۋەتلىك ئادەملەرنىڭ بىرى، مەسچىت ئىمامى ئابباس قارى ھاجىنى پولىتسىيە خادىملىرى كېچىسى سائات ئون ئىككىلەردە، ھارارىتى كوتىرىلىپ، ئاغرىپ ياتقانلىقىغا قارىماي، مەسچىتقا ئېلىپ كەلگەن. ئۇلارنىڭ مەخسىتى - مەسچىتنى ئاختۇرۇش. چۈنكى ئابباس قارى ھاجىم قېچىپ ژۈرگەن تورت ئۇيغۇرنى مەسچىتقا موكتۇرۇپ قويۇشى مۇمكىنمىش، ياكى بولمىسا، سۇلتانقورغان مەھەللىسىدە يۈز بەرگەن مونۇ ۋاقەنى ئالايلى. ن. ئىسمىلىق (ئۇنىڭ ئىلتىماسىغا بىنائەن، ئىسمىنى ئاتىمىدۇق) ئادەمنىڭ ئېيتىشىچە، ئاۋتوماتلار بىلەن قوراللانغان پولىتسىيە خادىملىرى، ھېچ بىر رۇخسەتسىزلا، ئۇنىڭ ئويىگە بېسىپ كىرىپ، تىنتىشقا باشلىغان، ھويلا - ئارامدىكى ھەر بىر نەرسىگە گۇمان بىلەن قاراپ، ئادەمنىڭ دىتىغا سىغمايدىغان سوئاللارنى بەرگەن. ئوي ئېگىسىنىڭ «پروكۇرورنىڭ رۇخسىتىنى كورسىتىڭلار»، دېگەن ئىلتىماسىغا ئۇلار: «رۇخسەت مانا مونۇ»، دەپ قوراللىرىنى كورسەتكەن. ئەلۋەتتە، ھېچ نەرسە تاپالمىغان ئۇلار كەچۈرۈممۇ سورىماي، كېتىپ قالغان.

ھازىر ھەر بىر ئۇيغۇرنىڭ ئويىدە ئەرەپ يېزىقىدىكى ئۇيغۇرچە كىتاپلىرى تېپىلىدۇ. ھە، ئەرەپ يېزىقىنى كورگەن بەزى پولىتسىيە خادىملىرى ھەممە كىتاپنى دىنىي ئەدەبىياتقا ئارتىپ، ئۇلارنى مۇسادىرە قىلغان ئەھۋاللارمۇ بولغان، ئىنسان ھوقۇقىنى، ئادەمنىڭ قەدىر - قىممىتىنى بۇنىڭدىن ئارتۇق كامسىتىش بولمىسا كېرەك. تورت جىنايەتچىنى ئىزدەشنىڭ مۇنداق ئۇسۇلى، ئەلۋەتتە، تېچ ئاھالى ئارىسىدا نارازىلىق پەيدا قىلدى.

بىز پولىتسىيە خادىملىرىنىڭ ھەممىسىنى ئەيىپلەشتىن ژىراق. پەم - پاراسەت ۋە سەپايىلىق بىلەن ئىش تۇتقانلارمۇ بولدى. مورىتى كەلگەندە شۇنى ئېيتىش كېرەككى، قازاق گېزىتلىرى پاجىئەنى ئادەتتىكى جىنايەت سۈپىتىدە قوبۇل قىلىپ، ھەتتا جىنايەتچىلەرنىڭ مىللىتىنىمۇ تىلغا ئالمىدى. «جىنايەتتە مىللەت بولمايدۇ» ئىبارىسىنى قوللىنىپ، بۇ ۋاقەگە قازاقستان ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئالاقىسى يوق ئىكەنلىكىنى ئوچۇق ئېيتتى. ئەندى قازاقستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ باش مىنىستىرى ق. توقايېۋ پارلامېنت دېپۇتاتلىرى ئالدىدا سوزگە چىقىپ، دولەت مەۋقەسىنى ئوچۇق ۋە ئېنىق ئېيتقاندىن كېيىنلا، ھېلىقىدەك ئۇيغۇرلارنى ئەيىپلەشكە ئۇرۇنغانلارنىڭ ئاغزى يېپىلىپ، ئىش - ھەرىكەتلىرىگە چەك قويۇلغاندەك بولدى.

«خابار» تېلېكانالىنىڭ «ژېتى كۈن» پروگراممىسىنى ئېلىپ ماڭغۇچى ئا. ئابدۇلوۋ ھەپتە ۋاقەلىرىگە ئوبزور بېرىپ «ئەگەر كىمدۇ - بىرى ماڭا ئەۋۇ بىر ژىللىرى ئادەم گوشىنى يېگەن ژۇماغالىيېۋنىڭ مىللىتىنى داۋاق قىلىۋەرسە، مەنمۇ قولايسىز ئەھۋالدا قالىمەن»، دەپ تەكىتلەپ، ئۇيغۇرلارغا ھېسداشلىقىنى بىلدۈردى. «بىلگەنگە ئىشارە» دېگەن ئەينە شۇ. ژۇقۇرىدا تەكىتلىگىنىمىزدەك، تامامەن ئەكسىچە مەۋقەدە بولۇپ، ئەتتەي بىزنىڭ ئويۇمىز - مۇستەقىل قازاقستاندىكى مىللەتلەر ئارا مۇناسىۋەتتىكى دوستلۇق بىلەن تۇراقلىققا زىيادەت ئۇرۇغىنى سالماقچى بولغانلارنىڭ ئۇرۇنۇشىغا قاتتىق زەربە بېرىلگەنلىكىنى ئۇلارنىڭ ئوزلىرىمۇ تۇيماي قالدى.

رېداكسىيەگە تېلېفون قىلغۇچىلار ئارىسىدا پولىتسىيە خادىملىرىنىڭ يۈزلىگەن ئائىلە ياشايدىغان ئويىگە ھۇجۇم قىلىشىنى ۋە ئۇلارنىڭ ئەيىپلەنگۈچىلەرنى تىرىك قولغا چۈشۈرۈشكە ئانچىلا ئىنتىلىپ كەتمىگەنلىكىنى ئەيىپلەۋاتقانلارمۇ بار. ئۇلارنىڭ بۇ پىكرىمۇ قوشۇلۇشقا بولىدۇ. چۈنكى، بىرىنچىدىن، ئەيىپلەنگۈچىلەر، ھەقىقەتەنمۇ بىرەر تېررورلۇق توپنىڭ ئەزالىرى بولۇپ، «بەرىبىر بىر ئولۇم» مەۋقەسى بىلەن ئوزلىرى يوشۇرۇنغان تۈرۈشلۇق ئوينى پارتلىتىۋەتكەن بولسا، (ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇلاردا قورال - ياراق يېتەرلىك بولغان)، تېچ ئاھالى ئارىسىدىمۇ زەرداپ چەككۈچىلەر بولار ئىدى. ئىككىنچىدىن، ئۇلار ھەقىقەتەنمۇ، تېررورلۇق توپنىڭ ئەزالىرىمۇ ياكى... كىم بىلىدۇ، ئۇلارنىڭ ئويىدا نېمە بارلىقىنى، ئەينە موشۇ سوئاللارغا ئېنىق جاۋاپ ئېلىش ئۈچۈن ئۇلارنى تىرىك قولغا چۈشۈرگەن ئەقىلگە مۇۋاپىق بولار ئىدى.

بىز، قازاقستان ئۇيغۇرلىرى، ئوز تەغدىرىمىزنى ھەممىمىزنىڭ ئۇمۇمىي ئويى - قازاقستاننىڭ تەغدىرى بىلەن باغلاشتۇرىمىز، ئېلىمىز كېلەچىكى - بىزنىڭ كېلەچىكىمىز، دەپ ئىشەشلىك ئېيتالايمىز.

(ئوز مۇخبىرىمىز).

گېزىتىمىز مۇخلىسلىرى

ھەر قانداق گېزىتنىڭ ئوز مۇخلىسلىرى، جانكويەرلىرى بولۇپ، ئۇلار ئوزلىرىنىڭ مەنىۋىي ھاياتىنى ئەينە شۇ گېزىتسىز پەرەز قىلالمايدۇ، ژىللار بويى ئوز ئەگۈشتەرىگە ئايلانغان شۇ سۆيۈملۈك گېزىتىگە سادىق بولۇپ، ئۇنىڭ كەڭ تۇردە تارقىلىشى ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىپ، ئوز يۇرت - جامائىتىنى، يېقىنلىرىنى مۇشتىرى بولۇشقا دەۋەت قىلىدۇ.

مەزكۇر سۈرەتتە سىز كورۇپ تۇرغان ئادەملەر - «يېڭى ھاياتنىڭ» جانكويەرلىرى بىلەن مۇخلىسلىرىدۇر. ئالدىنقى سەپتە ئولتۇرغان ئىككىنچى - تۇرسۇنغوجا ئاكا مىرزايېۋ ئالمۇتا شەھىرى 1 - 12 - مىكرورايونلىرىنىڭ ژىگىت بېشى، ئىككىنچى قاتاردا ئولتۇرغان بىرىنچى ۋاپاخان قۇربانوۋ، پېشقەدەم مەتبەئەچى، ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسى «ئۇيغۇر ئاۋازى»، «يېڭى ھايات» گېزىتلىرىنىڭ ھەقىقىي جانكويەرلىرى سۈپىتىدە كوپ ژىللاردىن بۇيان مۇشتىرى توپلاش ئىشلىرىغا پائال ئىشتىراك قىلىپ كەلمەكتە. بىرىنچى قاتار (ئولتۇرغان بىرىنچى) ئابلىمىت ھاجىم، (ئۈچىنچى) ئابدۇسالام ئاكا، (تۆتىنچى) ئابدۇلېتىپ ئاكا، ئىككىنچى قاتار (ئىككىنچى) ۋاھاپ ھاجىم، ۋە (ئۈچىنچى) جەۋدەت ئاكا. ئۇلارمۇ گېزىتلىرىمىزنىڭ ئۇزۇن ژىللىق مۇخلىسلىرىدىن.

سۈرەتتىكى ئىسرائىل ئەختەموۋ (سولدىن ئوڭغا)، خەمىت ئەمەتخانوۋ (ژىگىت بېشى)، ئەنۋەرجان ھاسانوۋ، ئومەرجان ئىسلاموۋ ۋە ئىمىنجان ئالمۇتا شەھىرى ئىشچىلار مەھەللىسىدىكى گېزىتىمىزنىڭ مۇخلىسلىرى. مەزكۇر مەھەللىدە 400 گە يېقىن ئۇيغۇر ئائىلىسى ئىستىقامەت قىلسا، ئۇلارنىڭ يۈزگە يېقىنى «يېڭى ھايات» گېزىتىنى سۆيۈپ ئوقۇيدىغانلار.

- بىز، قانداق قىلغاندا، «يېڭى ھايات» گېزىتىگە كوپىرەك مۇشتىرى توپلاشنىڭ تۈرلۈك چارىلىرىنى ئويلاشتۇرۇۋاتىمىز. مەن شۇنىڭغا ئىشەندۇرىمەنكى، ئەلۋەتتە، بىيىل ئوتكەن ژىلغا نىسبەتەن مۇشتىرىلار سانى ئۇرغۇن بولىدۇ، - دەيدۇ مەھەللە ژىگىت بېشى خەمىت ئەمەتخانوۋ.

سۈرەتتە: ئالمۇتا شەھىرى كورنىي - گىگانت مەھەللىسىدىكى گېزىتلىرىمىزنىڭ جانكويەرلىرى ئالدىنقى قاتاردا ئولتارغان ئابدۇرېشىت مەخسۇتوۋ (ژىگىت بېشى)، ئورە تۇرغانلار (سولدىن ئوڭغا) ئۇرمەھەممەت رەخمانوۋ، ئابدۇۋەلى سابىتوۋ ۋە مامۇتجان مەمەتوۋلار.

ئۇلار ھەر ژىلى «يېڭى ھايات»، «ئۇيغۇر ئاۋازى» گېزىتلىرىگە مۇشتىرى توپلاش ئىشىغا پائال قاتنىشىدۇ.

ئوتمۈش سەھىپىلىرىدىن

(داۋامى، بېشى ئۆتكەن ساندا)

ياقۇپبەگ دۆلىتى ۋە نىياز ھاكىمبەگنىڭ خائىنلىقى

جاھانگىر غوجا مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، قەشقەرىيەدە غوجىلار قوزغىلىڭى ئۈزلۈكسىز داۋام قىلىپ تۇردى. 1829 — يىلى، 1830، 1847 ۋە 1857 — يىللىرى چوڭ، كىچىك قوزغىلاڭلار كوتىرىلىسمۇ، چىن (خىتاي) باسقۇنچىلىرى تەرىپىدىن ئۇنجۇقتۇرۇلۇپ، خەلقنى ئىختىسادىي، سىياسىي، مەدەنىي ۋە روھىي جەھەتتىن مەھرۇم قىلدى.

1840 — يىلى ئىچكى خىتايدا ئەپيۇن ئۇرۇشى، 1856، 1864 — يىللىرى تەيپۇن — تياڭگۇ قوزغىلىڭى چىن ئىمپېراتورىنى ھالسىزلاندۇردى. جۇملىدىن، يۇننەندە پېزولار قوزغىلىڭى، سەنشى، شەنشى ۋە گەنسۇلاردا تۇڭگانلار قوزغىلىڭى پارتلىدى. نەتىجىدە، ئۇيغۇرستاندا، يەنى قەشقەردە 1858 — 1860 — يىللىرى سىدىقبەگ يېتەكچىلىكىدىكى قوزغىلاڭ، 1864 — يىلى ئىيۇلدا راشىدىن خان غوجا باشچىلىقىدا كۇچار قوزغىلىڭى كوتىرىلدى، ئاندىن ھېبىبۇللا ھاجى يېتەكچىلىكىدە خوتەن خەلقى قوزغالدى، شۇ يىلى 12 — ئوكتەبىردە ئابدۇرۇسۇل ئەمىر، ئەلاخان سۇلتان، سادىر پالۋانلار يېتەكچىلىكىدە ئىلى خەلقى قوزغالدى. نېمە قىلىشىنى بىلمەي، تەھلىكىدە قالغان چىن خانى چەت ئەللەرنىڭ قۇراللىق ياردىمىگە تايىنىپ، خانلىق سەلتەنەتىنى ساقلاپ قىلىشقا تىرىشتى.

قەشقەردە سىدىقبەگ (قىپچاق) يېڭى شەھەرنى ئېلىشتا دۈشمەنگە تاقابىل كېلەلمەي، قوقەنت خانى ئالىمقۇلغا مەكتۇپ ئەۋەتىپ: «... تورەملەردىن بىرسىنى تىلەيمەن. كاشغەرغە كېلىپ، دۇئا قىلىپ بەرسە، مەنكى كەمىنىلىرى كاشغەرنى قوقەنت دىر سەلتەنەتىگە ئىتائەت ۋە ئىتاۋەت قىلدۇرسام...» دەپ، مۇراجەئەت قىلدى. ئالىمقۇلى ئاپپاق غوجا ئەۋلادى بۇزرۇقخان تورەمنى، ھەمدەم باتۇر بېشى، تۇراپ غوجا ياساۋۇل بېشى قاتارلىق يۈزدەك قۇراللىق ئادەمنى راسلاپ، يولغا سالدى. ئۇنىڭ كەينىدىن ئەسكەر ئىشلىرىدىن خەۋىرى بار ياقۇپبەگ قوش بېشىنى، بىر مۇنچە قۇراللىق ئادەملەر بىلەن ئەۋەتتى. ئۇلار 1865 — يىلى قەشقەر شەھرىنى ئازات قىلدى. سىدىقبەگنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، بۇزرۇقخانغا ئالتۇن تاج كىيگۈزۈپ، ئوردىدا ئولتارغۇزغان ياقۇپبەگ بارلىق ھەربىي، مەمۇرىي ئىشلارنى ئۆز قولىغا ئالدى.

خوتەننى بىرلەشتۈرۈشتە ياقۇپبەگ بۇزرۇقخان غوجا نامىدىن ھېبىبۇللا ھاجىغا مەكتۇپ ئەۋەتتى: «مەن قەشقەرغە كەلگىلى خېلە بولدى. ئەندى خوتەندىكى ئاتام ئىمام جەپىرسادىق ھەزرەتلىرى مازارىنى زىيارەت قىلىپ، يانسام دېگەن مۇددىئادىمەن. ئەگەر ھاجى پادىشا ئىجازەت قىلسا، ئۆزلىرى بىلەنمۇ كورۇشۇپ يانسام دېگەن تامادىمەن...» دەپ، يېزىلغان ئىدى. ئۇ ساختا نامە. نەتىجىدە ياقۇپبەگ پىنھان ھالدا 15 مىڭ لەشكەر بىلەن ئاتلىنىپ، ھاجىنى ئالداپ، قولغا چۈشىرىپ، ئولتۇردى. ئۇنىڭ ئوغلى، يەنى خوتەن لەشكەر قوماندانى ھەم بىر نەچچە لەشكەر باشلىقلىرى بىلەن ئالداپ قولغا چۈشىرىپ، ئۇجۇقتۇردى. ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقان بارلىق خوتەن خەلقى بىر قانچە شەھەر، يېزىلاردىن قوزغىلىپ: «بۇ نېمە دەتتۇ!؟..» دەپ تاياق — توخماقلار بىلەن قوزغىلىدۇ. ياقۇپبەگ: «... بۇلارنى ئولتۇرۇڭلار!..» دەپ پەرمان بېرىدۇ. موللا موسا سايرامىي «تارىخىي ھەمىدىيە» كىتاۋىدا يېزىشچە: «بىر تۈمەن ئادەم ئولسە، بىر مۇردا قول كوتىرىدۇ، بەش تۈمەن (يەنى 50 مىڭ ئادەم) ئولسە بىر مۇردا ئورنىدىن تىك تۇرىدۇ، دېيىلىدىكەن كونا كىتاپلاردا. ئەينە شۇ قىرغىندا بىر مۇردا ئورنىدىن تۇرغان...» دەيدۇ (تارىخىي ھەمىدىيە»، 364 — 374 — بەتلەر).

نۆۋەتتە ياقۇپبەگ كۇچارنى ئېگىلەشتە. بۇزرۇقخان غوجا ئوغلى ھېكىمخان تورىنى ئاقسۇغا ھاكىم قىلىدۇ. كۇچاردا خانلىق سەلتەنەت سۈرگەن راشىدىن خان غوجا پىر ئاكىسى ئىسھاق غوجىنى ئاقسۇ تەرەپكە يولغا سالىدى. ئۇ بۇ كۆنلەردە ئاقسۇ كونا شەھەردە ئىدى. يېڭى شەھەردە بولسا ھېكىمخان تورە ئۆزى لەشكەرلىرى بىلەن شەھەرنىڭ سىرتىغا ئورۇنلاشقان ئىدى. ياقۇپبەگ ئەھۋالنى ئېگىلەش ئۈچۈن يېنىدىكى نىياز بەگنى ماڭغۇزدى. ئۇ ياقۇپبەگكە: «... پالانى كىچىسى ئىسھاق غوجا 9 مىڭ تۇڭگان ۋە 2 مىڭ يەرلىك كىشى بىلەن كىچىلىك ھۇجۇمغا ئوتمەكچى. بۇنىڭغا تەدبىر قىلسىلا. بۇنىڭدىن باشقىغا قولۇم كەلمىدى، تامام»، دەپ خەۋەر قىلىدۇ. تۈن يېرىمىدە بارگاھقا ھۇجۇمغا ئوتكەن ئىسھاق غوجا لەشكەرلىرى ئالدىنىدۇ. چۈنكى ياقۇپبەگ لەشكەرلىرىنى سىرتقا — تورت ئەتراپقا يوتكىگەن ئىكەن، ئەينە شۇلار ئوستىلەپ بېسىپ كىرىپ، ئىسھاق لەشكەرلىرىنى تار — مار قىلىدۇ. 600 دەك تۇڭگان، 200 دەك ئوغۇزلار جان قاچۇرۇپ، ئامان قالىدۇ. سۇلھىگە كەلگەن ئىسھاق غوجىغا ياقۇپبەگ:

— غوجام، ئەگەر موشۇ يول بىلەن بىز ئۆزلىرىنىڭ قولىغا چۈشسەك نېمە قىلار ئىدىڭلار!» دېگىنىدە، ئۇ غوجام:

— سوبادار، مېنىڭ قولۇمغا چۈشكەن بولسىڭىز ئىدى، ئاتقا تېگىپ، قوغلاپ چىقارغا ساكىدىرىيەتتىم، — دېيىدۇ. ئۇنىڭ مەردانىلىقىغا رازى بولغان ياقۇپبەگ:

— سىز راست سۆز ئىكەنلا، مەن تەستىق قىلىمەن. ئەندى راشىدىن خان غوجام ئالقۇغا ئۆزلىرىگە بېرەن سۆزە، مارالبېشىنى ئۆزلىرىنىڭ جىيلارىنى سىلىنى سورىسالا، بىز بۇ تەرەپنى سورىساق، — دەپ چىقارغىلى يولغا سالىدۇ.

ئىبىتمانچى بولغىنىمىز، نىياز بەگنىڭ ۋۇقۇتىدا كورسەتكەن خىزمىتى ئۈچۈن ياقۇپبەگ ئۇنىڭغا خوتەننىڭ ھوقۇقلۇق ھاكىمى قىلىپ بېكىتكىدىدۇ.

نوۋەتتە ياقۇپبەگ كۇچار خانى راشىدىن غوجىنى ئالداپ شەھەرنى ئېگىلىمەكچى. ئاخىر ئالداپ قالغان راشىدىن خان غوجا سېپىلغا چىقىپ: «مېنىڭ ئەسكەرلىرىم نەگە كەتتى، بۇ قىپچاق، ئەنجانلىقلارنى ئۆلتۈرۈپ،

نى چارلاپ كېلىش ئۈچۈن خىتاي ئىچكىرىسىگە ئەۋەتتى. ئۆزى بەسىرەمجان بولۇپ، بارگاھ شىتابىنى توقسۇنغا يۆتكىدى. تورغسۇن ۋە داۋانچىڭ دېگەن جايلار مۇداپىئەسىدە كىچىك ئوغلى ھەققۇلى، تورپاندا بۇزرۇقخاننىڭ ئوغلى ھېكىمخان تورە باش مىڭ لەشكىرى بىلەن مۇداپىئە چار كۆردى. ئىنتام غوجا ئىشان كېلىپ: «چىن چىرىك گروھى ھىساپسىز تولا ئىكەن، يا پىرالقىلىرىنىڭ باش — ئاخىرى كورۇنمەيدۇ، ئۇلار خەتقىغۇ چېنىڭ ياراغلىقى بىلەن ئاتلانغان چىرىكلەر ئىكەن...» دەپ، مەلۇمات بېرىدۇ. ئاڭغىچە ئۆرۈمچى، ماناسلار قولدىن كېتكەن ھامان. ياقۇپبەگ مۇرانسىگە كېلىش نىيىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ. داۋانچىڭدا قاتتىق قارشىلىق كورسىتىلمىسە، ... بەرمەيدۇ.

«ئىنۇق چىقارماڭلار!» «دۈشمەنگە ئىنۇق تاشلاڭلار!» دەپ توقسۇندىن كورىلىغا چىكىنىدۇ. غەزنىچى ھوشۇربەگ (ھوشۇر خىتاي دەپمۇ ئاتىلاتتى) غەزنىدىكى كۆپلىگەن بايلىقنى ئېغىنشۇرۇپ، بىر نەچچە ئادەم

چارلەرنى كورگەن ئىكەن. ئىككى ئوتتۇرىدا بىر نەچچە مىڭ لەشكەر ۋە چوماقچىلار قىرىلىدۇ. نىياز ھاكىمبەگ ئىشلىرى بىلەن ئۆزئۆلگان بايلىقنى ئېلىپ، خوتەندىن قېچىپ، قۇم يولى بىلەن كورلىغا بارىدۇ. دۈشمەن قوماندانى ليۇ جىنتاڭ ھېچ قارشىلىقسىز قاقشىغا يېتىپ كەلگەن ئىكەن. ئاخىرى ئاقسۇدا ئۇ ليۇ جىنتاڭغا يولۇققان. تازىم قىلىپ، «پىقىر خوتەنگە ئۆزلۈك ھاكىم بولۇپ، خوتەننى خەلقنىڭ ئۆزلۈق خائىنمىزغا تېگىشلىك ساۋلاتىنى پىنھان ساقلاپ، ئۇنىڭ نەسىبىنى ياقۇپبەگكە بېرىپ، ئالداپ تۇرغان ئىدىم، ئەندى ئۆزلىرىدىن يارلىق بولسا، ئۇ غەزنە، ھەق ئاماندىلىرىنى ئېلىپ، چىرىكلەرگە تاپشۇرسام...» دېگىنىدە، قوماندان ليۇ جىنتاڭ: «سېنىڭ ئەزەلدىن كۆڭلۈڭ يامان ئىكەن، ساڭا ئىشىنىش قىلىمەن» دەپ، پەسەنت قىلمايلا، ئاخىر ئۇ غوجايىنلىرىغا ساداقەتسىز ئىنسان قىلىپ، چوقۇتۇپ، خوتەندىكى «زىيارەتگاھ» دەپ ياسىتقان باغدىكى ئىككى تەمرى

تارىخىمىزدىكى

شەھەردىن قوغلاپ چىقارماسىلەر!..» دەپ ۋاقىرايدۇ. شۇنداق قىلىپ، كۇچار، قاراشەھەر، تۇرپانلارنى بىرلەشتۈرگەن ياقۇپبەگ خانلىق ھوكۇمىنى سۈرگەن بۇزرۇك خان غوجىنى ھەجگە قىستاپ ئەۋەتىپ، 1867 — يىلى ئۆزىنى يەتتە شەھەرنىڭ ئەمىرى دەپ ئېلان قىلىدۇ. نەتىجىدە ئۆرۈمچى تۇڭگانلىرىمۇ تەسلىم بولىدۇ.

ياقۇپبەگ توغرىسىدا شۇنى تەكىتلەش كېرەككى، ئۇ دىنى ئىسلامنى كەڭ يولغا قويۇپ، پۈتۈن لەشكەرلىرىگە بەش ۋاق ناماز ئوقۇتۇشتىن تاشقىرى، شەھەر خەلقىگە سەللىسىز ۋە بېتەرەت ژۇرۇشنى مەنئى قىلىدۇ. يەتتە شەھەردە مەسچىتلار ۋە مونچىلار كوپلەپ سېلىنىدۇ. كوچىدا «كىمنىڭ ئەرزى — ھالى بار؟» دەپ جار سالاتتى. خەلق تۇرمۇشنى ياخشىلاپ، ئوغرى، قىمارۋازلارنى چەكلىدى. «ياخشىلىق بار يەردە يامانلىقمۇ تەييار» دېگەندەك دەيدۇ، مولا سايرامىي ئۆز كىتاۋىدا ۋە ئۇنىڭ سەلبىي تەرەپلىرىگە توختىلىدۇ: «... بەدولەت دولەتنى ئىدارە قىلىشتا ھېچ كىمگە ئىشەنمەتتى. ئۆزىگە ۋەزىر يالكى بىرىدىر مۇئاۋىن تۇتماتتى. ئۇ تۇققىنى ئىنىغراخان ئارقىلىق باشقۇردى. پەقەتلا نىياز ھاكىمبەگ كورسەتكەن خىزمىتى ۋە ئاي سايىن ئەۋەتىپ تۇرغان قىممەت باھالىق سوغا — سالاملىرى تۇپەيلى ئۇنىڭغا يېقىنلىشىشقا مۇيەسسەر بولدى. جايلاردىكى ۋىلايەت، ناھىيە ھاكىملىرى بەلگۈلەنگەن ۋاقىتتا كاتتا سوغا — سالام ئەۋەتىپ تۇرۇشنى ئۇنتۇماتتى. كاتتا سەئىدلەردىن: كاتتا خان تورەم ۋە كىچىك خان تورەملەرگە ئومرىنىڭ ئاخىرىدا ئەجەل دورىسى ئىچكۈزدى؛ ۋەلىخان تورەم دېگەن كىشىنى تامغا باستۇرۇپ، يوق قىلدى. ئۇ ئايغىرنى ئاختا قىلغان ئادەمگە ئوچ ئىكەن، شۇنداق بىر ئادەمنى تۇتۇپ، ئەكەلدۇرۇپ، ئۆزىنى ئاختا قىلدۇردى. ھەق — سىلىقنى بىردىمگەنلەرنىڭ قىزىنى، ئالىي ئوردىنىڭ ئېگىسى جانابىي ئاتالىق غازىنىڭ مۇبارەك ئەقدىگە ئېكاھلانغان خوتۇنلار قاتارىغا ئالدۇراتتى.

«جانابىي ئالىنىڭ ئەمرى ئەقدە ۋە ئىلكى مۇلكىدە بولغان مۇسۇلمان ئۇيغۇر، تۇڭگان، خىتاي، قالماق، قازاقلاردىن ئولجا ئېلىنغان قىز، جۇگان ھەم كاتتا ئۇلۇغلار ئەۋلادى قاتارلىق ئايىم ئاغىچا خوتۇنلىرىنىڭ سانى تەخمىنەن 600 دىن ئارتۇق ئىدى، دېگەن ھېكايىلەر بار. ئۇنىڭ خوتۇنلىرى ئىچىدە توختىخان ئايىم دېگەن يەنسەت بار ئىدى. ئۇ ياقۇپبەگ ھەرەمدىكى ھەممە خوتۇنلارغا تەلىم — تەربىيە ئۇگىتىپ، جانابىي بەدولەتنىڭ سوھبەتلىرىگە لايىقلاپ تەييار قىلاتتى. بەزى خوتۇنلارنى ئۇ بىر قېتىم ئىلكىگە ئېلىپ قارىماي قوياتتى. ئەگەر ئۇلار ئازاپلىنىپ، ئولسە، ئۆزلىرى ئولتارغان ھوجرىلىرىغا پىنھان كومدۇرەتتى...» دەيدۇ مولا مۇسا سايرامىي (تارىخىي ھەمىدىيە 521 — 522 — بەتلەر).

شۇنداق قىلىپ، ئاقسۇ، قاراشەھەر، تۇرپان ۋە ئۆرۈمچىلەرنى ئۆز ئىلكىگە ئالغان ياقۇپبەگ، ئىلى سۇلتانلىقىنى ھەم قوشۇپ ئېلىش نىيىتىدە بولىدۇ. لېكىن ۋەزىيەت يار بەرمىدى. 1876 — يىلى «چىن چېرىكلىرى قۇمۇلغا ئاتلىنىپتۇ» دېگەن خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئۇ مۇداپىئە چارىلىرىنى كورۇشكە كىرىشتى، چوڭ ئوغلى بەگقۇلىنى قەشقەردە قالدۇرۇپ، ئۆزى 10 مىڭ لەشكەر بىلەن داغدۇغىلىق ھالدا، ئاقسۇغا قاراپ يولغا چىقتى. لېكىن سايۋانلىق ئالتە هارۋىدا ئالتە نازىن ئاياللىرىنى ئېلىپ مېڭىشنى ئۇنتۇمىدى.

ئاقسۇ ۋە كۇچالاردا لەشكەرلىرىنى كوپەيتىپ، تەرتىپكە سېلىپ، يېنىغا نىياز ھاكىم بەگنى ئېلىپ، بارگاھ قۇرۇپ، قوماندانلىق قىلىشنى پىلانلىدى. بۇ كەمدە دۈشمەن قۇمۇل ۋە كوچۇگلارنى ئېلىپ ھامان ئىلگىرىلەپ، ئۆرۈمچىگە ھۇجۇم باشلىغان ئىدى. ياقۇپبەگ دۈشمەن كۈچى ۋە قۇراللىنى ئېنىقلاش ئۈچۈن ئىنئام غوجا ئىشان

نى ھەمرا قىلىپ، خىتاي تەرەپكە قېچىپ كەتكەن ئىكەن. ئاڭغىچە سەيپۇيدىكى ئۇرغۇئۇلغان زاپاس ئاشلىقنىڭ ئورتەنگەنلىك شۇم خەۋىرى كېلىدۇ. ئەسەبىي بۇزۇلۇپ، مىجەزى ئوزگەرگەن ياقۇپبەگ دىۋانبېگى كامالدىنغا قاتتىق كايىپ، ئۇنى ئاياقا باستۇردى ۋە ئۆزىمۇ ئۇنى ئۇستىلەپ ئۇرۇپ — تېپىپ، چارچىغاندا «سوغلۇق چاي!» دەپ بۇيرىدى. ئۇنىڭ مەھرەمى رەخمەتجان دەرھال كەلتۈرگەن سوغ چاينى ئىچىپ، ژىقىلىپ، ئاغزىغا كوۋۈك كەلدى ۋە رەڭگىدىن كېتىپ، جان ئۈزدى. ئەسلىدە نىياز ھاكىمبەگ ئۇ مەھرەمنى خىلە بۇرۇن تېپىپ، كوپلىگەن قىممەت باھا مەبلەغ بېرىپ، تەييارلىغان ئىكەن. «بۇ ھادىسە 1877 — يىلى باھار، يەنى 4 — ئاينىڭ 28 — كۈنى ئىدى...» دەيدۇ مولا مۇسا سايرامىي «تارىخىي ھەمىدىيە» كىتاۋىنىڭ 489 — 490 — بەتلىرىدە).

نىياز ھاكىمبەگ ئۇنىڭ ئولگىنىنى يوشۇرۇپ، ئۇچ كۈن ئوتكىچە، ھېچ كىمنى يېقىن كەلتۈرمەي «جانابىي ئالىلىرىنىڭ مۇجەز شەرىپلىرى ئىندەك ئوزگىرىپ قاپتۇ!..» دەيدۇ. بۇ جەرياندا ھەققۇلى بەگ ۋە تۇرپاندىكى ھېكىمخان تورىلەرگە خەۋەر قىلىدۇ. ئۇلار ئۇچ كۈن ئوتكەندە يېتىپ كېلىدىكەن، ھەققۇلى بەگ ئاتىسىنىڭ ئولۇمى بىلەن بولىدۇ. نىياز ھېكىمبەگ بولسا ئەھرارخان تورەم، كىرىمباي قاتارلىق كىشىلەر بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، ھېكىمخان تورىنى ئاق كىگىزگە ئولتارغۇزۇپ، ئۆزلىرىگە خان — ھوكۇمران قىلىدۇ، يەتتىنچى كۈنى ھەققۇلى بەگ دادىسىنىڭ جەسىتىنى قەشقەرگە ئېلىپ ماڭغىنىدا، نىياز ھاكىمبەگ ئالدىن — ئالا ياقۇپبەگنىڭ قەشقەردىكى چوڭ ئوغلى بەگقۇلى بەگكە: «... كىچىك بېگىم كەتتى. خوي — پەيلى باشقىچە، ئەلۋەتتە، ئېھتىيات قىلغايلا. ۋەسسالام» دەپ نامە ئەۋەتتى.

نىياز ھاكىمبەگنىڭ ئاغمىچىلىقىنى ئىلگىرى بايقىغان كۇچارلىق ياقۇپ دىۋانبېگى ئۇنىڭغا: «ئۆزلىرى ھەممىسى بىلەنلا تىل تېپىپ، كورىشىدىكەنلا، بىرلا ئۇلۇق خىزمىتىدە بولمايدىكەنلا... بۇ ئىشلىرى ئۇبدان ئەمەس»، — دېگىنىدە، نىياز ھاكىمبەگ ھېچ قانداق ئىككىلەنمەي: «بۇ يورت ئەسلىدە ئۇلارنىڭ قايسى بىرىگە قارار تېپىشنى ئالدىن بىلىش قىيىن. شۇڭا ھەممىسىگە ئوخشاش خىزمەت قىلىمەن» — دېگەن ئىكەن. شۇنىڭدەك، مولا مۇسا سايرامىي ياقۇپبەگ بىلەن نىياز بەگكە بەرگەن باھاسىدا: «تەدبىر ۋە مەسلىھەتتە، كەسىپ ۋە دىتى سۆلۈكتە بىر — بىرىدىن ئەسلى كام ئەمەس، ئارتۇقمۇ ئەمەس ئىككى شەخس تۇغۇلغان ئىكەن. ئۇنىڭ بىرى پەرغانىلىق مۇھەممەت ياقۇپبەگ، ئىككىنچىسى نىياز ھاكىمبەگ. ئۇلار بىر — بىرىنى كورگەندە ھەسەل بىلەن سىرىق مايدەك ئەبجەش بولۇپ كەتكىنى بىلەن ئاستىنتىن بىرى بىرىنىڭ پېيىنى قىرقىش قەستىدە تەدبىر — چارىلەرنى ئويلاتتى»، دەيدۇ. («تارىخىي ھەمىدىيە»، 448 — 450 — بەتلەر).

ئەلقىسسە، ياقۇپبەگنىڭ چوڭ ئوغلى يولدا ئىنىسى ھەققۇل بەگنى ئولتەرگۈزىدۇ. ئۆزى ئاقسۇدا خان تەيىنلىگەن ھېكىمخان تورىگە قارشى ئات سالىدۇ. ئارىدا بىر نەچچە مىڭ لەشكەرلەر قىرىلىدۇ. ئۇلار ئىچكى توقۇنۇشى — تەخت — سەلتەنەت تالىشىدا بولىدىكەن، دۈشمەن تۇرپان، كورلا، قارا شەھەرلەرنى بېسىپ ئېلىپ، ئىلگىرىلەيدۇ.

نىياز ھاكىمبەگ ھەممە بالا — قازانى تىرىپ، ئاخىرى ئۆزىدىن ئەنسىرەپ، خوتەنگە قاچىدۇ. ھېكىمخان تورىنى بىر تەرەپ قىلغان بەگقۇلى نىياز ھاكىمبەگكە قارشى ئاتلىنىدۇ. نىياز ھاكىمبەگ ئىنىسى مۇھەممەت ئىمىن ۋە ئوغلىنى لەشكەر باشلىغى قىلىپ، ئون مىڭ لەشكەر ۋە كوپلىگەن چوماقچىلار بىلەن زاۋا دېگەن يەردە مۇداپىئە —

ئېچىپ، 1500 دىن يامبۇ ۋە بىر نەچچە چارەك زىق ئالتۇننى ئالدۇرۇپ، مېۋىلىك باغقا كومۇلگەن مىڭ يامبۇ ھەم كول تېگىدە كومۇلگەن بىيجىڭ چوگىلىرى مىننەتدار بولغىدەك، قاش تاشلىرىنى ئالدۇرۇپ بېرىپتۇ. قوشۇمچە يېنىدا ئۆزى ئۈچۈن ساخلاپ ۋۇرگەن 700 يامبۇنى «بۇ ھەم ھەر قايسىلىرىنىڭ ھەق — نەسەپلىرى...» دەپ، تۇتۇپتۇ. ئۇ غوجا ئاكىلىرىغا شۇنچە قىلغان مېھرى — شەپقەت ۋە ئېقىدىلىرى تۇپەيلى، قۇمۇل، تۇرپان ۋاڭ، گۇڭلىرىغا ئوخشاش ئالىي مەۋقە — مەنسەپ تاما قىلغان ئىكەندە، ئەكسىنچە، يەكەننىڭ ھاكىملىقى تەككىنىگە روھسىزلىنىپ، «مەن كۈتكەن خىتايلار بۇ ئەمەس ئىكەن» دەپ، ئۈمۈتسىزلىنىدۇ ۋە يېقىنلىرىدىن بىر نەچچە ئادەمنى يېنىغا تارتىپ، مەخپىي ئىشخانە ئېچىپ، قۇرال — ياراق تەييارلايدىكەن. بۇ ئىش پاش بولغاندا، ئۇنى يەكەندىن قەشقەرگىچە پىيادە ھايداپ، سازايى قىلىپ، سولايدىكەن. ئۇ ئۆز ۋاقتىدا ياقۇپبەگكە ئىچكۈزگەن زەھەرنىڭ نىسبىنى ئۆزىدە پىنھان ساقلاپ كەلگەن ئىكەن. ئەينە شۇ زەھەرنى ئىچىپ ئولىدۇ. ئۇنىڭ ئولۇگى چېرىپ، سېسىپ قۇرۇتلىغاندا، ئەچقىپ، جۇن (ھاراق) چېچىپ، كويدۇرۇۋېتىدۇ. ھاسىل كالام! ئۇستا مەككار نىياز ھاكىمبەگمۇ ئاخىرى ئۆز ئەمەلىنىڭ نەتىجىسىنى موشۇ دۇنيادىلا كوردۇ.

شۇنى تەكىتلەش لازىمكى، بەلقۇلى نىياز بەگنى قوغلاپ ئۇتالماي، قەشقەرگە قايتىدۇ. قەشقەر يېڭى شەھەرنى ساخلاپ قالغان تۇپچى خىتايلار باشلىغى خۇدالايا ئاقسۇدىن ليۇ جىنتاڭ لەشكەرلىرىنىڭ قەشقەرگە ئاتلانغانلىغىنى ئاڭلىدى. بەلقۇلىنىڭ يوقلىغىدىن پايدىلىنىپ، پۈتۈن غەزنىنى قاق — پاكىز قورۇغلىدى. ئايىم ۋە يارلىق پانسەت ئەمرلەرنىڭ بالا — ۋاقىلىرىنى ۋە تەلەقاتلىرىنىڭ ھەممىسىنى سېپىل ئىچىگە ئېلىپ كىرىپ، كۈچلۈك مۇداپىئە چارە كوردى. ئاڭغىچە لەشكەرلىرى بىلەن يېتىپ كەلگەن بەلقۇلىنىڭ كۈتۈلمىگەندە ئەلەم — ھەسرەتتە ئۇيكىسى ئىچىدىن قىقلىدى. سېپىلغا ھۇجۇمغا ئوتۇپ ۋە پارتلىتىپ 28 كۈن ئاۋارە بولىدىكەن. ليۇ جىنتاڭ قوشۇنىنىڭ مارالبېشىغا يېتىپ كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ، شېرىن جانلىرى كويىدا ئەزىز ئاتا ۋە شېرىن بالا — جاقىلىرىنى ئۇنتۇپ، «پەرغانە سەن نەدە!» دەپ، قېرىقنى خادا قىلدى...

1887 — يىلى ياناۋاردا قەشقەرىيەنى تۈگەل بېسىۋالغان ليۇ جىنتاڭ خەلقنى قىرغىنغا تۇتۇشنىڭ سىرتىدا ھەتتا ياقۇپبەگنىڭ ئاپپاق غوجا مازىرى ئارقىسىدا كومۇلگەن جەسەدىنى قېزىپ ئالدۇرۇپ، چىرىشقا باشلىغان يالىڭاچ مۇردىنى دەرەققە يولەپ ئولتارغۇزۇپ، بېشىنى كېسىپ، چەكزىگە سانچىپ، سېپىل دەرۋازا ئۈستىگە قاداپ، تېنىنى تورت پارچە قىلىپ كويدۇرۇپ تاشلايدۇ... («تارىخىي ھەمىدىيە» 611 — بەت).

ئىلى خەلق قوزغىلىڭى ۋە ئۇنىڭ ئاقىۋىتى

1840 — يىلى خىتايدىكى ئەپيۇن ئۇرۇشى ۋە 1856 — يىلى، 1864 — يىللىرىدىكى «تەيپىڭ تيەنگو» قوزغىلىڭى چىن سۇلالىسى ئوردىسىنى زىل — زىلىگە كەلتۈردى. پالەش ھالدا قالغان چىن خانى تۇڭجىخان جىيەگسۇ ئولكە باش ۋالىسى — چوڭ پومېشچىك زىڭ گوفەننىڭ: «چەت ئەل كۈچلىرىگە تايىنىپ قوزغىلاڭنى باستۇرۇش» دېگەن پىكرىنى قوللاپ — قۇۋۋەتلىدى. دەسلەپ ئۇلار مەزكۇر پىكىرگە قارشى چىققانلارنى باستۇردى، زىڭ گوفەن خونەن قوشۇنىنى تەشكىل قىلدى، لى خۇنجاڭ ئەنخۇيدا چەت ئەل قۇرالى بىلەن تەمىنلەنگەن يەتتە مىڭ قوشۇن تەييارلىدى، جىجاڭ، فوجيەن ۋالىسى زوزۇڭتاڭ فرانسىيە ياردىمى بىلەن چې

سەلبىي شەخسلەر

رىكلەرنى تەربىيلىدى. باشقا دولەتلەر قاتارىدىن قالماي، گېرمانىيە قوماندانلىرى مانجۇر - خىتايلاردىن 30 مىڭ چېرىك تەربىيلەپ، ئەڭ كۈچلۈك «گرۇپ - 2» نامـلىق چوڭ زەمبىرەكلەر بىلەن قوراللاندۇردى. چار روسـسىيە10 مىڭ مىلتىق، 50 زەمبىرەك بىلەن قوراللاندۇر- دى. مانجۇر- خىتاي چېرىك ئوفىتسېرلىرى ئەنگلىيەلىك كوردوننىڭ «غالىپ» قوشۇنىغا ۋە فرانسىيەنىڭ «زەر - پەر» ناملىق قوشۇنلىرىغا تايانىدى. بۇ خىل «ياردەم»گە ياپونىيە ۋە گوللاندىيەمۇ چەتتە قالمىدى. ئامېرىكىلىق قوماندان ۋارد مانجۇر - خىتاي ئارمىيەسىگە قوماندانلىق قىلىپ، قوزغىلاڭچىلارنى باستۇرىدىكەن، 1862 - ژى- لى ئۇ جەڭدە ئولىدۇ. 1863 - ژىلى ئۇنىڭ ئورنىغا ئەن- گلىيەلىك گوردون قوماندان بولىدۇ. شۇنداق قىلىپ، يەتتە دولەت قوماندان، ئوفىتسېرلىرى تەرەپ - تەرەپـ تىن قوزغىلاڭچىلارنى باستۇرۇشقا كىرىشىدۇ. ئىچكى تەرەپتىن چىن سۇلالىسى جايلاردا قۇرال ۋە كېمە زا- ۋودلىرىنى قۇرۇشقا تۇتۇش قىلىدۇ. تەيپىڭ قوزغىلاڭچى- لىرى باستۇرۇلغاندىن كېيىن نوۋەتتە نەنداڭ تەشكىلات قوزغىلاڭنى ئاندىن گۇي جۇدىكى مياۋلار قوزغىلىڭى- نى، يۈننەندىكى يىزۇلار ھەم تۇڭگانلار قوزغىلىڭىنى باستۇرۇشقا جىددىي كىرىشىدۇ. مىللىيلىنغان خىتاي پۇخرالىرىنىڭ توكۇلگەن قانلىرى بەدىلىگە ئۇزىنىڭ ھا- كىمىيىتىنى ساقلاپ قالغان مانجۇر خاندانلىقى سىيا- سىي ۋە ئىختىسات جەھەتتىن ناھايىتى ئاجىزلىشىدۇ.

ئىچكى خىتايدىكى مانا بۇ ۋەزىيەت شەرقىي تۈر- كىستانغا (ئۇيغۇررىيەگە) ئىجابىي تەسىرىنى يەتكۈزدى. دەسلەپ قەشقەردە سىدىقبەگ، ئاندىن 1864 - ژىلى ئىيۇندا ئاقسۇدا راشىدىن خان ۋە خوتەندە ھې- بىبۇللا ھاجى يېتەكچىلىگىدە خەلق قوزغالدى. شۇ ژىلى 12 - ئوكتەبىردە ئىلى خەلقى ئابدۇرۇسۇل ئە- مىر يېتەكچىلىگىدە خىتاي مۇستەملىكىچىلىرىگە قارشى كوتىرىلدى.

ئىلى قوزغىلىڭىنىڭ پارتلىشىغا ئاساسىي سەۋەپ شۇ- كى، بىرىنچى ئىچكى خىتايدىكى قوزغىلاڭدا ئاجىزلاش- قان چىن ھاكىمىيىتى خاگجۇگنىڭ 30 - 40 مىڭلى- غان چېرىك، ئوفىتسېرلىرىنى تەمىنلەش ئىمكانىيىتىدىن مەھرۇم بولىدۇ. نەتىجىدە، كورە جىياڭجۇڭى ئادەتتە ئائـ لە بېشىغا سېلىنغان 12 خو ئاشلىقنى بىردىن 32 خوغا كوتىرىدۇ. ھەددىدىن ئاشقان زورلۇق - زومبۇلۇق ۋە مۇدھىش قاششاقلىق تۈپەيلى، كورە ئوردىسىنى ئاغدۇ - رۇشتىن ئۆزگە ئامال قالمايدۇ.

ئىلى خەلقى قوزغىلىشتىن سەل ئىلگىرى جىياڭجۇن ئاشلىق سېلىقىنى ئوز ۋاقتىدا تولىمىدىڭ، دېگەن بانا بە- لەن ھەيۋە قىلىپ، ئىلى ھاكىمبېگى مەزەمزاتنى كورە يامۇلغا سولاپ، ۋاقىتلىق ئۇنىڭ ئورنىغا ئىشىك ئاغا بەگ (ياردەمچىسى) ئابدۇرۇسۇلنى تايىنلايدۇ. ئەينە شۇ چاغدا غۇلجا شەھرىنىڭ سەندىغۇزا، تايجى رايونلى- رىدىكى تۇڭگان ئاقساقاللىرى: ئوشۇرئاخۇن، خەنجەر ئاخۇن ۋە ياكۇپئاخۇنلار ئات چېپىپ، ئوردىغا كېلىپ، ئابدۇرۇسۇلغا مۇراجىئەت قىلىپ: «بېيجىڭ خاندىن كۆك- سى - پەرمان بار، ئىچكىرىدە بىز ئىخلىملارنى رەھىمسىز قىرىۋاتىدۇ! ئىلىخودا نەچچە مىڭ تۇڭگان بار، ھەممىنى قويماي، ئات، چاپ، ئولتەر، ئويىنى كويدەر!» دەپتۇ. بىزدىن كېيىن ئۇ جاللاتلار سىز ئۇيغۇر - مۇسۇلمانلارنى ئولتۇرىدۇ دېگەن خىيال بار...»، - دەيدۇ. ئابدۇرۇسۇل- نىڭ بۇ ھادىسىدىن خەۋىرى بار ئىدى. ئۇلارنى: «بۇ - گۈنچە دەم ئېلىڭلار، ئەتە كېلىڭلار...»، - دەپ چىقى- رىپ، شۇ سائەتتە ئوردا بەگلىرىنى ۋە غۇلجىدىكى ئابرۇي- لۇق قازى كاللان نەسىردىن ئەلەمنى چاقىرىپ، مەسلى- ھەت قىلىدۇ. نەسىردىن ئەلەم: «مانا، ئەندى پۇرسەت روي كورسەتتى. غازاتلىقنى قولغا ئېلىڭ! ئاللا يار بول- غاي!..»، - دەپ پاتىھە بېرىدۇ. ئابدۇرۇسۇل ئەتىسى تۇڭگانلارنى قوبۇل قىلىپ، بىرلىكتە قوزغىلىشقا مۇئاھى- دە تۈزۈپ - قەسەم ياد قىلىشىدۇ. تۈزۈلگەن شەرت بو- يىچە ئابدۇرۇسۇل ئەمىر، قالغانلار سەردار بولۇپ تايىنى- لىنىدۇ. ئۇيغۇرلاردىن 20 مىڭ، تۇڭگانلاردىن 10 مىڭ لەشكەر تىزلىكتە ياراقلىنىشقا كېلىشىدۇ. ئابدۇرۇسۇل ئە- مىر ئەتىسلا ئىلى تەۋەسىدىكى سەھرا، كەنت يۈز بېگى ۋە يۇرت چوڭلىرىغا نامە يۈزۈپ، تەۋەتىشكە كىرىشىدۇ. قازانچى تېغىدا چېرىكلەر بىلەن ئېلىشىۋاتقان سادىر پال- ۋانغا ئەلا پالۋاننى ئاتلاندۇرۇپ، ماگىغۇزىدۇ. شەھەردى- كى جەمى تومۇرچى، ياغاشچىلارنى پىنھان چاقى- رىپ، نەيزە، قىلىچ، گۈرزە - ئۇمۇت ۋە تومبەل تەييارلاش- قا باشلايدۇ. كېلىشىم بويىچە ئارىدىن ئىككى كۈن ئوت- كەندە ئابدۇرۇسۇل خىتاي بازىرىدىكى مانجۇر - خىتاي- لارغا ھۇجۇم قىلىدۇ. سادىر ۋە ئەلا پالۋانلار تاغدىكى بىر نەچچە يۈزلىگەن ئىسيانچىلاردىن باشلاپ، غۇلجا شەھرىنىڭ سىرتىدىكى «كونا چىگپەگزە» ئاتالمىش سې-

پىل ئىچىدىكى دۈشمەنگە ھۇجۇم قىلىپ، تار - مار قىلى- دۇ. شۇنداقلا باياندايى سېپىلنى قورشاۋالىدۇ. تۇڭگان- لار قىسمى بولسا، جىياڭجۇن ئوردىسى - كورە يامۇلنى قورشاۋالىدۇ. ئىلى دەرياسىنىڭ ئۇ قېتىدىكى چونجا، ئا- ۋات، تۈگمەنلەردىن تارتىپ، غالجات، جاغىستايغىچە بولغان يېزا - سەھرا قوزغىلاڭچىلىرىنى باشقۇرغان توقى- لەك سەردار، ئاققۇزا سەردارلار سەككىز سۇمۇندىكى شى- ۋەلەرنى ۋە زورغۇن سۇمۇندىكى قالماقلارنى مۇھاسىرى- گە ئالىدۇ. قوزغىلاڭنىڭ ئۈچىنچى كۈنى تەرەپ - تە- رەپتىن ئات - ئېشەك، پىيادە كەلگەن سانسىز قوزغىلاڭ- چىلار دۈشمەننىڭ بەش مىڭ چېرىكى جايلاشقان بايان- داي سېپىلنى قورشاپ ئالغان ئىدى. كورە يامۇل چې- رىكلىرى يامراپ چىقىپ كېلىشى ئېھتىمالىنى ئويلى- غان سادىر پالۋان كورە بىلەن غۇلجا ئوتتۇرىسىدىكى چەيلەگزىگە تام بارىگاھ قۇرۇشقا جىددىي كىرىشتى.

پۇتكۈل ئىلى خەلقىنىڭ قوزغىلىپ كەتكىنىدىن ھە- زەر ئەيلىگەن جىياڭجۇن سولاقتىكى مەزەمزاتنى بوشى- تىپ، مەخسەتلىك ھالدا، قويۇپ بەرگەن ئىكەن. ئۇ پىن- ھان يول بىلەن شەمشىدىن خەلپەمگە يولۇقتى. ئاندىن بامەسلىھەت ئەخمەتخان غوجىنى يېنىغا تارتىپ، غۇل- جا ئوردىسىغا بىرلىكتە قەدەم قويۇپ، ئابدۇرۇسۇل ئە - مىر،نەسىردىن ئەلەملەر بىلەن كورۇشتى. مەزەمزات ئور- دىدا، ئەمىر بولسا مەيداندا بولۇشقا كېلىشىپ، خوشلاش- تى. «بۇ ئاخىر خەيرلىك نىشانى ئەمەس...» دېگەن نە- سىردىن ئەلەمنىڭ دېمى ئىچىگە چۈشتى. باياندايى سې- پىلىغا ھۇجۇم قاتتىق كېتىپ باراتتى. سادىر پالۋان ئىك- كى ئوغلى بىلەن يۈزدەك ئادەمنى لەخمە كولاشقا قو- يۇپ، ئاخىرى سېپىلنى پارتلاتقان بولسىمۇ، سېپىلنىڭ يېرىمى بۇزۇلۇپ، نەتىجە بەرمىدى. نەسىردىن ئەلەم مەسلىھەتى بىلەن قۇرۇلتاي ئوتكۈزۈلۈپ، مەزەمزات سۇلتان، ئابدۇرۇسۇل ئەمىر، نەسىردىن ئەلەم قازى كاللان- لىق، شاۋكەت ئاخۇن قازى ئەسكەرلىك ۋەزىپىسىگە تا- يىنلاندى. باياندايدىكى بارىگاھتا قوماندانلىق قىلىۋات- قان ئابدۇرۇسۇل ئەمىرگە بىر تۈندە يېتىپ كەلگەن ئەخ- مەتخان غوجا قەست قىلىپ ئولتەردى ۋە شۇ تۈندە غەزىنچى ئەخمەت بەگنى(ئابدۇرۇسۇلنىڭ قىيىناتىسى) ئولتەردى. خەلق ۋە مۇجاھىدلار ئوتتۇرىسىدا غۇلغۇلا كوتىرىلدى. مەزەمزات ئالدىن - ئالا جىياڭجۇن نامىغا ئويدۇرما نامە تەييارلاپ قويغان ئىكەن. ئۇنىڭدا: «ئاب- دۇرۇسۇل ئەمىر ۋە نەسىردىن ئەلەملەر جىياڭجۇن بە- لەن تىل بىرىكتۇرۇپ، سۇلھىگە كەلگەن...»، دېگەن بۇھتان توقۇلغان.ئەينە شۇ بەدنام نامىنى مەزەمزات خە- لىق ۋەكىللىرىگە كورسىتىپ، غۇلغۇلنى باستى ۋە نە- سىردىن ئەلەمنى قاماققا ئالغان ئىدى...

1865 - ژىل پەرغانىدىن ماخمۇت پوچى دېگەن كىشى كېلىپ، «مەن زەمبىرەك - پوپاسايمان، ۋەلى شېرلاردەك قۇۋەتلىكمەن، قارا چاشقان، قارا كىرپىلەرنىڭ گوشىنى ئەبجەش قىلىپ، بىر قانچە دورا - دەرمەكلەر قو- شۇپ، كويدۈرۇپ، دۇت چىقىرىپ، ئەزايىم ئوقۇيمەن. دۈشمەننى قاتتىق ئۇخلىتىپ، سېپىلنى ئالۇرمەن...» دەپ، مەزەمزاتنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېگە بولغان ئىدى.

باياندايى سېپىلنى سادىر پالۋاننىڭ نوۋەتتىكى پارت- لىتىشى ۋە ئىككى كېچە - كۈندۈز قاتتىق جەڭ قىلىشى ئارقىلىق دۈشمەننىڭ بەش مىڭ قوشۇنى تار - مار قىلى- نىدۇ. دۈشمەننىڭ قاباھەت ئوردا - يامۇلى كورەنى ئىشغال قىلىشتا بىر تەرەپتىن تۇڭگانلار، يەنە بىر تەرەپ- تىن ئۇيغۇرلار قاتتىق جەڭ قىلىدۇ. ئەينە شۇ چاغدا مە- لۇم قوزغىلاڭچىلارنى باشقۇرغان ماخمۇت پوچى «مەن سۇيدۇڭگە ھۇجۇم قىلۇرمەن...» دەپ، داغدۇغىلۇق ئات- لانغان ئىدى. كۈرە يېنىدىكى قىزىل دوڭگە بارىگاھ قۇ- رۇپ، جايلاشقان مەزەمزاتقا قارشى ئاتلىنىپ، ئۇنى ئات- لىق قوغلاپ، ئولتۇرىدۇ. ئاندىن «بەگ ئەۋلاتلىرىنى ئولتۇرۇڭلار!..» دەپ پەرمان بېرىپ، مەزەمزات ئوردى- سىنى تالان - تاراج قىلىدۇ.

ئىلى سۇلتانى بولۇپ شاۋكەت ئاخۇن، ئەمىرى لەش- كەر ئەلا پالۋان تايىنلىنىدۇ. ئەخمەتخان غوجا بىلەن دى- لى، تىلى بىر شاۋكەت ئاخۇن ئەلا پالۋاننى ئەمىرلىك ۋەزىپىسىدىن بوشىتىدۇ. بۇ ھال قوزغىلاڭچىلارنىڭ غە- زەپ - نەپرىتىنى قوزغايدۇ. ئۇنىڭدىن تاشقىرى توققۇز تارا قوزغىلاڭچىلىرى «جەمى ئەرلەر مەيدانغا ئاتلىنىپ، توققۇزتارادا ئاياللار، باللار ۋە قېرىلار قالدى. كونەس قالماقلىرى خەتەرلىك... يۇرتنى قوغداشتا قۇراللىق جەڭ- گىۋارلار قويۇلسا...» دېگەن تەلىۋىگە سۇلتان شاۋكەت ئاخۇن كوڭۇل بولمەيدۇ. كېچىكمەي، توققۇز تاراغا ھۇ - جۇم قىلغان قالماقلار يۇرتنى بولاپ - تالاپ، ئادەملەر- نى ئولتۇرىدۇ. جان قاچۇرۇپ، قاچقان ئايال - جۇگانلار، قېرىلار تاڭ سەھەر ياماتۇغا كەلگەندە، كىمە ئۇ قاتتا ئىكەن. «ئەينە، قالماق كېلىۋاتىدۇ!» دېگەن تەشۋىشتە

ئۆلۈكلىرى دەرياغا ئاققان 786 نەپەر ئادەم ھالاك بول- غان ئىدى. بۇ ئەلەم يۇرت پۇخرالىرىنىڭ كۆڭلىدە دەرت- لىك ئەلەم بولۇپ قالغان ئىدى. ئاردا غۇلجىدىكى قا- لايمىقانچىلىق پەيدا بولغان 7700 نەپەر دۈشمەن كورە- دىن يامراپ چىققىنىدا قۇرۇلان بېرىش بەدىلىگە ئاران قايتۇرۇلغان ئىدى. مانا بۇلارنى ئەزەردە تۇتقان خەلق- نىڭ ئاقساقاللىرى سۇلتان شاۋكەت ئاخۇنغا كە- لىپ، «...قوزغىلاڭچىلار سەردارىنىز ئاجىز بولىدىغان ئىش ئىكەن. ئەلاخان سۇلتان تۈگىشىنى ئىمە ئىكەن، ئىچى قىسىلسلا...» - دەپ مۇراجىئەت قىلدى. شاۋكەت ئاخۇن: «ئۆلىمنىڭ كۆزىنى قويسام بىلۈرمەن...» دەپ جا- ھىللىق قىلدى. كېيىن كورىلىگەن شاۋكەت ئاخۇن ۋە ئەكلا- لىرى ئەلاخاننى ئالدىغا كېلىپ، ۋەنىس ئىچىپ، ئۇنى سۇل- تانلىق مەرتىۋىگە كوتىرىپ، مۇبارەكلىدى. شاۋكەت ئا- خۇن تۇرىدىن ئېلىپ، سۇلتان ۋەزىپىسىگە ئەخمەت- خان غوجىنىڭ ئىنىسى تونۇختاخۇننى تايىنلىدى. كورە يامۇل ئوردىسى يەنە سادىر پالۋان باشقۇرۇشىدا كولانغان لەخمە ئارقىلىق پارتلاندى. قاتتىق جەڭ، تىر - كىشىش ئاقىۋىتىدە ئەتىسى تاڭ ئاتقاندا، دۈشمەن تە- لىم بولىدۇ. جىياڭجۇن ئائىلە - تاۋابەتلىرى بىلەن ئوزلى- رىگە ئوت قويۇپ، ھالاك بولىدۇ...

ئەزەلدىن ژۇرىگى قارا ئادەملەر ئىنغۋاسىز ژۇرمەيدى- كەن. سەردار توختاخۇن كىچىك ۋە چوڭ يولتۇزلاردى- كى مۇغلارنى يىغىدۇ. ئاغياسنىڭ قالماقلىرى باش كوتەرگەندە، توقىلەك، ئاققۇزى سەردارلار ئۇلارنى باستۇ- رىدۇ. ئاندىن ئۇلاستاي قالماقلىرى قوزغىلىدۇ. توختا - خۇن سەردار ئاغرىپ قالغىنىدا شاكەت ئاخۇن بىلەن ئەخمەتخان غوجىلار «ئەلا سۇلتان ئوغا بەردى...»دەپ، ئىغۋاگەرلىك بىلەن ئوكتە قوپتى. سۇلتان ئۇلارنى جازالى- ماقچى بولغاندا، قېچىپ ياكۇر ئاخۇن قارىمىغىدا پانا تاپتى.

ياكۇر ئاخۇن بۇ كۈنلەردە ئىلىدىكى سۇلتان ئالمىشىش ۋەزىيىتىدىن پايدىلىنىپ، ئوزىنى سۇلتان دەپ، ئېلان قىلغان ئىدى. ئۇ شاۋكەت ئاخۇن، ئەخمەتخان غوجىلار كوشكەرتىشى بىلەن ئاستىردىن ئۈرۈمچىدىكى تۇڭگانلار باشلىقىغا مۇراجىئەت قىلىپ، دايەنسى قوماندان باشچى- لىقىدا بىر دۈبزىنون تۇڭگان ئەسكەرلىرىنى ئالدۇرغان ئىكەن. «ئىچىمدىن چىققان بالاغا، نەگە باراي داۋاغا» دېگەندەك،ياكۇر ئاخۇن ئەلا سۇلتانىغا ھۇجۇم قىلىش پەي- لىنى ئىزھار قىلدى. ئەلاخان سۇلتان ئوردا ئەھكاملىرى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، «نان ئۇلۇق» دەپ، مۇرەسسە يولىنى تۇتۇپ، ئۇلارغا كوپلىگەن ھارۋۇدا ئاشلىق، ئۇر- غۇن قوي، كالا ئەۋەتىدۇ. ئۇنىڭغا پەرۋا قىلمىغان ياكۇر ئوزى ھۇجۇمغا ئاتلىنىپ، ئارقا سەپتىن ئۇرۇش ئىچىش مەخسىتىدە دايەنسى دۈبزىيەسىنى ئەۋەتىدۇ. ئەلاخان سۇلتان مۇداپىە چارىلىرىنى كورۇشتە غۇلجا بىلەن باياندايى يېزا ئارىلىقىنى بەلگۈلىدى 2 - 3 ژىل ئىلگىرى قۇر- ئان تۇتۇپ، قەسەمياد قىلغان ياكۇر ئاخۇن جەڭگە شېر- دەك غەيرەت بىلەن ئاتلاندى. ئارىدا 3 - 4 سائەت قات- تىق ئېلىشىش - تىركىشىش بولدى، ھەر ئىككى تەرەپتە. تۇنۇگۇنكى ئىتتىپاقداشى ۋە بۈگۈنكى «ياۋۇز» دۈشمەن- لەر ئارىسىدا كوپلەپ قان توكۈلدى. ئاخىر ئاچچىغىغا پەس كېلەلمىگەن ياكۇر قىلىچ ئوينىتىپ، مەيدانغا ئات سېلىپ كىرىۋېدى، ئەلاخان سۇلتان قارشى ئالدى. كوپ ئوتمەي، كوپرانلىق ئوتكەن ۋە نان ئۇرغان ياكۇر- نىڭ كاللىسى ئېلىندى. مانا بۇ، ئەسلا كۆتۈلمىگەن ماجى- راغا سەۋەپ بولغان جاسۇسلا ئىدى. قەلبى جوشقۇنلان- غان ئەلاخان سۇلتان ئارقا سەپتە قۇيرىغىنى ئىشتەك چىۋىسىگە تىقىپ، شۈمشەيگەن ئەخمەتخان غوجىغا ئات سالدى. ئۇ غۇلجا شەھەر تەرەپكە قېچىپ، ساي بو- يىغا كەلگەندە، ئارقىسىدىن تەككەن كۈچلۈك نەيزىدە ئات- تىن ئاغدۇرۇلۇپ، جان ئۈزدى. ھەر كىم ئوز پەيلىدىن دەپ، مۇمكىن ئەسلا دىلى پاك، ھەقىقىي ئەمىر ئابدۇ - رۇسۇلنىڭ قېنى تۇتقان بولغىدى...

ئەسىرگە چۈشكەن دايەنسىنى سۇلتان ئەپۇ - كەچۇ- رۇم قىلىپ، ئۈرۈمچىگە لەشكەرلىرى بىلەن قايتۇردى. شاۋكەت ئاخۇننى بولسا، ئىلى خەلقى ئوزلىرى سوت قىلىپ، ھوكۇم چىقىرىپ، تاغاغا سېلىپ، ئىلى دەرياسى- غا تاشلىدى...

دەريا ئۇ قېتىدىكى سەككىز سۇمۇن شىۋەلىرى تەسلىم بولۇش قارارىغا كەلگەن ئىكەن. بۇ خەۋەرنى ئېلىپ كەل- گەن توقىلەك سەردار رازىمەنلىك بىلەن قايتىدۇ.

ئاتا دۈشمەنگە قارشى قانلىق ئۇرۇش ۋە ئىچكى توپى- لاڭلارنى بىر تەرەپ قىلغان ئەبۇل ئەلا ئىبراھىم ئوغلى- نىڭ كوڭلى خاتىرجەم بولمىدى: غازاتقا ئاق بوز ئاتنى سويۇپ، قەسەم بىلەن ئاتلانغان، ئېغىر جەڭلەردە ھەم ئەقلانە مەسلىھەتچى ھەم جىسمانىي، مەنىۋىي جەھەتتە ئەجايىپ غەيرەت، جاسارەت كورسىتىپ، ئابدۇرۇسۇل ئەمىر، ئەلا سۇلتانغا ھەممەيلەن بولغان، بولۇپمۇ، ئۇ ئىك- كى سېپىلنى پارتلاتمىغىچە غەلىبە - نۇسرەت قولغا كەل- مىگەن،داڭقى رىۋايەتكە ئايلانغان سادىر پالۋان 1871- ژىلى ئەتىيازدا، ئاپرېل ئېيىدا ئېغىر ئاغرىقتىن كېيىن ئالەمدىن ئوتكەن ئىدى.

ئىچكى تەۋەلىكتىن تۈلكە لوقمىسى ئاچ بولۇۋاتقان ماراپ يانغان چار ھوكۈمىتى پۇرسەتنى قولدىن بەر- گۈسى كەلمىدى. 1870 - ژىلى شتاب كاپىتانى ئاتۇل بارىس باشلىغان ئېكسپېدىتسىيە ئىلى بىلەن 5 - 6 ژىل چەكلىنىپ قالغان سودىنى جۇغراپىيىلىك شارائىتىنى ئىگىلەپ، ئاستىرتىن خەرىتىسىنى سىزىپ كەتكەن ئىدى. كېيىن تەۋەسىدىن يايىمرىكە قازاق ئاھالىسىنى باشلاپ، قىزىل كورەگە كەلگەندە، ئەلا سۇلتان پانا بەر- دى. 1871 - ژىلى ئاپرېلدا مېركى بولوس قازاقلىرىنىڭ ئالىبان قەبىلە باشلىقى سوۋېتماتوۋ تۈزمىسى چېقىپ، يۇرتنى باشلاپ، رۇس ئەسكەرلىرى بىلەن سوقۇشۇپ، تېمىرلىك داۋانىدىن ئوتۇپ كەلگەن- دە، ئەلا سۇلتان ئۇلارنى توققۇزتاراغا ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئوي، مال بىلەن تەمىنلىدى.

ئىلى كورە يامۇل جىياڭجۇنى تار - مار بولۇش ئالدىدا روسىيەگە تالاي قېتىم ياردەم سورىغان ئىدى. بىراق، چار روسىيەنىڭ ئەنگلىيە بىلەن 1862 - ژىلى تۈزگەن شەرتنامىسىدا («ئەنگلىيە ئافغانىستانغا، روسىيە شەرقىي تۈركىستانغا قول سۇنماسلىق» شەرتىگە قول قويغان ئىكەن. شۇ تۈپەيلى ئۇلار جىياڭجۇنغا يار- دەم بېرىشتىن چەكلەنگەن بولسىمۇ، كورە ۋە ئىلى تەۋە- سىدىن 1866 - ژىلى ئەتىيازدا قاچقان مانجۇر - خىتاي ئوفىتسېر، چېرىكلىرىدىن تەركىپ تاپقان 3426 ئادەم ۋە شۇ ژىلى ئاۋغۇستتا قاچقان 280 نەپەر شىۋە سولات- لارنى شۆتكىدە كېيىن چوگۈچەكتىن قاچقان 3861 قاچاقلارغا قاپال ۋە ئالاتاغ رايونىدىنمۇ پانا بەر- گەن ئىكەن.

ئەنگلىيە ئارقا تىرەك بولغان يەتتە شەھەر پادىشاھلىقى ياقۇپبەگ دولىتى 1870 - ژىلى ئۈرۈمچىدىكى تۇڭگانلار خانلىقىنى بويسۇندۇرغاندىن كېيىن ئىلى تەۋەسىنىڭ قولدىن كېتى- شىدىن ئەنسىرىگەن چار ھوكۈمىتى زورلۇق بىلەن چېگرا- نى بۇزۇپ، مۇزداۋان يولى ئارقىلىق شاتى بېزىسىغا كەلگەندە، توقىلەك سەردار ئارقىسىغا ئەسكەر تارتىپ، چېك- نىپ كېتىدۇ.

ئىلى ئىچكى ئىختىلاپلاردىن خالى بول- ماي تۇرغاندا، ئۇز كولەڭگىسىدىن قورققان بوشۇر بەگ پانسات بىر ھەمراھى بىلەن قېچىپ، يەتتىسۇ گۇبېرناتو- رى كولپاكوۋسكىي قۇينىغا تۇتۇلغان ئىدى.

1871 - ژىلى ۋەزىيەت كەسكىنلەشكەندە، چار ھو- كۈمىتى ئەنگلىيە بىلەن تۈزگەن شەرتنامىنى رەت قىلماي خىتايغا ياردەم قىلىش يولى بىلەن قوللىنىدۇ. چىن سۇلالە خانى چار ھوكۈمىتىگە ئىلىنى قايتۇرۇپ بېرىشكە ... قا ئاجىز ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. ئىلى تېررىتورىيە- سىگە قەدەم قويۇشقا كولپاكوۋسكىي ئىشنى... «...» دەپ، ... ئىككى... ئاستىرتىن ئىشقا كىرىشىدۇ. ئىلىغا ئابدۇرۇسۇلنىڭ شەكلىدە... سىگەنلىكى... 2 - 1871 ژىلى 20 - ئاپرېلدا ھەربىي مىنىستىر- غا قويغان تەكلىپ ... خىتاي دىيارىغا (غۇلجاغا) قول سېلىش كېرەك دېگەن قارار قو- بۇل قىلىدۇ. مەسئۇلىيەتلىكى گېنېرال - مايور كولپاكوۋسكىي ... ئەلاخان سۇلتان تازىلىكىنى تۈزۈپ، 7 كۈن ئىچىدە ئوتكۈزۈپ بې- رىش شەرتىنى قويىدۇ. ئەلاخان: «سۇلتانلار مۇسۇلمانلىقنى تۈزۈپ، ئوتكۈزۈپ بەرمەيدۇ» - دەپ جا- ۋاپ بېرىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن كولپاكوۋسكىي ئىشكى يولىنى بويىچە ھۇجۇم قىلىمەن دەپ، دەريا ئۇ قېتى- دىكى ئۇرۇشتا بويىچە قىلىپ، توزىرۇلۇپ قالغان قىسمى- نىڭ ئارقىسىدا كىرگەن ... توپ ئابلىغان ... يوقسۇلمىغان... بىرلىكتە ... سوتىڭ ... 1871 - ژىلى 12 - ئىيۇندا ھۇجۇمغا ئوتىدۇ. چېگرادىن ئوتۇپ، ... ئۆز قىزىدىن ... شۇ ئىككى كۈنلۈك قاتتىق قارشىلىق كۆرسەتمەي ... كەلگەندە، ئىلى سۇلتانلىقى تەرەپتىن قاتتىق قارشىلىقتىن ... زامانىۋى قو- رال، ئېغىر توپ زەمبىرەكلەر بىلەن قوراللانغان چار ئار- مىيىسىگە تاقابىل تۇرالمىغان سۇلتان ئەسكەرلىرى چې- كىنىشكە مەجبۇر بولىدۇ. دەريا ئۇ قېتىدىكى سەردارمۇ قاتتىق قارشىلىق كورسىتىدۇ.

كولپاكوۋسكىي سۇيدۇڭگە كەلگەندە، تۇڭگانلار قىس- مى تەسلىم بولىدۇ. ئاتلانغان ھەربىي مۇئاۋىن كولپاكوۋسكىي ۋە ئەلاخان سۇلتان ... رى بىلەن ھەيۋەتلىك ھالدا غۇلجا شەھرى تامان كەلدى. قوبۇلدىن كېيىن، پۇخرالارنىڭ بېھۇدە قۇربانلىقىدىن ئەنسىرىگەن ئەلاخان سۇلتان سۇلھىگە كېلىش تەكلىپىنى قوبۇل قىلىپ، 13 - ياشلىق ئوغلى ... قىزلىرى بىلەن ... شۇپ، ... كولپاكوۋسكىي قۇ- لىسىگە ... ئەلاخان سۇلتان كېلىشىم ئىمزالايدۇ. ئېغىر ئەلەم ۋە غەزەپتە جۈشقۇنلانغان ئەلاخان سۇلتان تىلىسىدىن ... ئاتلىنىشقا مەجبۇر بولىدۇ.

مەسئۇمجان زۇلپىقار،
يازغۇچى.
داۋامى بار.

تارىختىن ئۇچۇرلار

ئۇيغۇر ئەلنەغمىلىرى ھەققىدە

ئۇيغۇر خەلق مۇزىكا سەنئىتىنىڭ جەۋھىرى، گۈلتاجىسى، ئانا كۈي ئەڭگۈشتىرى، «ئون ئىككى مۇقام» دەپ ئاتىلىۋاتقان ئەلنەغمىلىرى توغرىلىق، دۇنيادا 34 مەملىكەتتە تەتقىقات ئورگانلىرى بار. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى كىچىك گرۇپپا، تەتقىقات كومىتېت ۋە بەزىلىرى ئايرىم ئاتاقلىق شەخسلەردىن ئىبارەت. ئۇلار جاھانغا مەشھۇر ئالىملار، سەيياھلار ۋە كومپوزىتورلار بولۇپ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قېدىمدىن تارتىپ مۇستەقىل دۆلەت تۈزگەن، ھەتتا پۈتكۈل تۈركى ئەللىرىنىڭ بېشىنى بىر مەركەزگە قاراتقان. دۇنياۋى مەدەنىيەتكە بولۇپمۇ، مۇزىكا ساھاسىدا بىرىنچى بولۇپ ژۈرۈشلەشكەن ناخشا - كۈي، نەغمىلەرنى تۆھپە قىلغانلىغىنى تەتقىق قىلىش بىلەن، ئۇيغۇرلارنىڭ جەڭگىۋار روھىنى، بەش مىڭ ژىللىق ئۇزاق تارىخىدا شانلىق دەۋىر ياراتقانلىغىنى، كۈي تىلى بىلەن نەزەرىيەۋى تەپەككۇر، تارىخى تەپەككۇر ۋە بەدىئىي تەپەككۇرنى كىرەلەشتۈرۈپ پۈتۈن بىر مۇزىكا شەكلىدىكى غايەت زور ھېكمەتلىك ھەمدە ئىلھامبەخش ئېتنولوگىيەلىك مەكتەپ ياراتقانلىغىنى تەكتىلىشىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇيغۇرلار بەش مىڭ ژىللىق قەبىلىلەر بىرلەشمىسىدىن خاقانلىق دەۋرلىرىنى باشتىن كەچۈرۈپ دەۋران سۈرگەندە پەقەت ئىككى خىل جەڭ - جىدەللەر بىلەنمۇ شۇغۇللاندى. ئۇنىڭ بىرسى ئۆز ئارا تەگرىقۇتلۇق، خاقانلىق مەنسەپلىرىنى تالىشىش جېدەللى بولسا، شۇنىڭ بىلەن قان كېچىپ ئاجىزلاشسىمۇ، خاقانلىق توزۇپ كۆچلەنسىمۇ پەقەت خىتايلار بىلەن جەڭ قىلىپ ئۆتكەن. ئۇيغۇرلار شۇنچە دەبدەبىلىك ياشىغاندىمۇ، ياكى ئاجىزلاشقاندىمۇ، مۇستەملىكە بولۇپ قالغاندىمۇ، ئاۋال كۆپ خۇدالىق دىنىغا، كېيىن بۇددا، مانىي دىنىغا كىرگەندىمۇ، ئاخىرىدا ئىسلام دىنىنى ئىختىيارى قوبۇل قىلغاندىمۇ، ھەممىدىن ئايرىلسا ۋە قانچە تەقىپلەرگە ئۇچرىسىمۇ شۇ بىر ئەگۈشتەرى ئەلنەغمىلىرىدىن (ھازىر مۇقاملار دەپ ئاتىلىۋاتقان) ۋە ئۆز ئۆرپى ئادەتلىرىدىن ئەسلا كەچمىدى، بەلكى ئۇلارنى رىۋاجلاندۇردى.

16 - ئەسىردىن بۇيان «مۇقام» دەپ ئاتىلىپ كېلىۋاتقان ئەلنەغمىلىرىمىزنى ئىلىم ساھاسىغا ئېلىپ كىرگەندەك ئىلمىي تەتقىقات قىزىل خىتايلار دەۋرىدە ئالاھىدە ماختىنىغدەك قولغا ئېلىندى. نېمىشكە؟ خەلقىمىزنى قېدىمىي قۇللۇق دەۋرىدىكىدەك بوغۇپ تۇتۇپ، قىرىپ - جويۇۋاتقاندا! «شىنجاڭ ئەزەلدىن جۇڭگونىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى، ئۇيغۇرلار جۇڭخۇا مىللەتلىرى» دېگەندەك ئويدۇرما تارىخ يارىتىۋاتقاندا! ئىنسانى ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىپ، نەسلىنى قۇرۇتۇپ، تامامەن ئاسسىمىلاتسىيە قىلىشقا ئالجىرلارچە ئۆرۈنۈۋاتقاندا! يەنى خىتايلارنى يېرىمىزگە سەلدەك ھايداپ كېلىپ، تۇغۇتنى چەكلەپ، نەسلىنى كامايتىۋاتقاندا! ئېيتىپ كەلسەك سان - ساناقسىز فاشىستلىقنى قىلىۋاتقاندا! قانداق سەۋەپتىن ئەلنەغمىلىرىمىزنى تەكشۈرۈپ، توپلاپ، قايتا ئىشلەپ زامانىۋىلاشقان سەنئەتكە ئايلاندۇرۇۋاتىمىز، دەپ ماختىنىۋاتىدۇ؟ بۇنىڭ بىلەن گويا خىتايلار بىز ئۇيغۇرلارنى ئالقىنىدا كۆتۈرۈپ ئەپپەشلەۋاتقاندەك كورۇنمەكچىمۇ؟ ياكى شۇنچە جاراھەتىمىزنى يېڭىلانغان مۇقام (ئەلنەغمە) كۈي تىلى بىلەن يالىتىپ ژۇيۇمىز دېمەكچىمۇ؟

بىز ئۇيغۇرلارنىڭ ناخشا ۋە ئەلنەغمىلىرىمىزنى نوتىغا ئالغان، تەتقىق قىلغان كومپوزىتورلار ۋەنتۇگشۇ، جوجى، جوجىڭجاۋ، رۇي جېگو، شاۋ گۇاڭشېن، گوەن يېۋېي، دۇشاۋ يۈەن قاتارلىقلار مەدھىلەپ قىلغان كەپ - سوز ۋە ئىبارىلىرى، «تىلىنىڭ ئاستىدا تىلى بار» دېگەندەك، ئىغىر ھەسرىتىنىڭ بارلىغىنى ئىپادىلەيدۇ - دە ئۇزلىرىنى كەمتەر تۇتۇپ، ملادىنىڭ بېشىدىن بۇرۇن جاڭچەننىڭ خەن دەۋرىدىلا ئۇيغۇرلار دىيارى ۋە ھازىرقى مۇستەقىل مەركىزى ئازىيە جۇمھۇرىيەتلىرىگە كېلىپ «مۇقەددەر نەغمىسىنى» ۋە باشقا چالغۇ ئەسۋاپ، چالغۇچىلارنى چاڭئەن (قېدىمكى خىتاي ۋاڭ تۇرغان مەركەز شەھەرگە) ئېلىپ بارغىنىنى شۇ دەۋردىن تارتىپلا ئۇيغۇر خىتاينىڭ بەجايىكى بېقىندا يېرى - ئېلى ئېكەنلىگىنى بىلدۈرىدىغان تۈيغۇنى مامكاپتەك تۈزۈۋتىدۇ. توغرا، جاڭچەن ملادىدىن 135 - 127 - ژىل بۇرۇن تەگرىتاغىنىڭ غەربىي تەرىپىگە، بىزنىڭ ھۇن تەگرىقۇتقا قارشى ئۇيسۇن ۋە ياۋچى قەبىلىلىرىنى كۈشكۈرتۈشكە كېلىپ، جاسۇسلىغى چېنىپ قېلىپ، سەككىز ژىل ھۇنلارنىڭ زىندانىدا ياتقان. كېيىن ئۇ ملادىدىن بۇرۇنقى 115 - 119 - ژىللىرى چوڭ كارۋان سودىگەردەك ئارىلاپ كېلىپ، ئۇيسۇنلار بىلەن ياۋچىلارغا ئۇرغۇن سوغات بېرىپ بوكگە جىگدە سىلىپ، ژۇرەك تومۇرلىرىنى تۇتۇپ كورۇپ، ئاۋۇزى قولتۇغىدىن چۈشۈپ كېتىپ قايتقان. يەنى ياۋچىلارمۇ، ئۇيسۇنلارمۇ ھۇن تەگرىقۇتلۇغىغا قارشى بىرلىك ھەربىي سەپكە كىرمەيدىغانلىغىنى بىلدۈرگەن. شۇ مەزگىللەردە باتۇر تەگرىقۇت دەۋرىدە ملادىدىن 195 ژىل بۇرۇنلا خەن ۋۇدى 370 مىڭ ئارمىيە بىلەن بەيتىڭ مەيدانىدا قورشاۋدا قېلىپ، شۇندىن كېيىن تەڭسىز شەرتنامە - ھەر ژىلىغا 70 توننا ئالتۇنغا تەڭ سىلىق (ئالتۇن، كۈمۈش، تاۋار، دۇردۇن، چاي، هاراق، ئاشلىق ۋە ھاكازا ئۆي جىھازلار) تولەپ تۇرغان مەزگىلى تاكى ملادىدىن بۇرۇنقى 25 - ژىلغىچە 170 ژىل ئالۋاڭ تولەپ يېرىم مۇستەملىكە ھالەتتە تۇرغان خەن دەۋرىدە بىزنىڭ تەگرىقۇت خان، سانغۇن، بەگلەر بىلەن ئالاقىدا بولغان مەزگىللىرىدە ئۇيغۇر ئەلنەغمىلىرىگە مۇھتاج بولاتتى. ھۇن ئەمەلدارلىرىنى خۇش قىلىش خىتايلارنىڭ، قولدىن بىر قېتىممۇ كەتكۈزمەيدىغان خوشامەت ئامالى ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە قانداقلا خىتاي ئەمەلدارى ھۇن تەگرىقۇت ۋە ياكى بىرەر خانىنىڭ قوبۇلىغا كىرىش پەيتىدە، ئۇيغۇرچە بىر قەپەز سازغا ئۇسسۇل ئويناشقا مەجبۇر ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەم خىتاي ئەمەلدارلىرى ئۇيغۇرچە ئۇسسۇل ئويناش، ناخشا ئېيتىشنى بىلىش، ئۇيغۇرچە ئاتقا مىنىشنى، كىيىنىشنى بىلىشىمۇ ئەجايىپ نەزەردىن سىرت قالمايدىغان، ئەمەل - مەنسەپكە چىقىشقا بېرىدىغان ئىمتىھانلارنىڭ ئاساسى شەرتى بولغان.

يۈەن جېن دېگەن بىر خىتاي شائىرى «فاچۇي» (ئەمۇنىلىك نەغمىلە) دېگەن شېئىرىدا مۇنداق يازغان: (بۇ شائىر تاڭ شاھزادىسى زامانىدا ئۆتكەن، 713 - 756 - ژىللار).

بولدى ئۇيغۇرچە ياسانماق قىز - ئاياللار مەشغۇلى،
زور ماھارەت بولدى چالماق سازنى ئۇيغۇرلار سىمان.
«سۇمرۇغ ئاتەشنىڭ» ساداسى مۇڭ بىلەن تولسا ئەگەر،
«ئەۋ باھار بۇلبۇل كۈيى» ياڭراتتى بىر سالقىن ھامان.
ئاتقا ئۇيغۇرچە مىنىش، زىبۇ - زىننەت، تىل ئۆگىنىش،
بولدى بەس - بەسلەك ھەۋەس بۇ ئەللىك ژىللىدىن بۇيان.

(ئابدۇشۈكۈر مەمتىمىن تەرجىمىسى)

مانا مۇنداق هال ملادى 8 - 10 - ئەسىردىلا ئەمەس، ھەتتا، ملادىدىن 8 - 10 ئەسىر بۇرۇندىلا خىتاينىڭ [illegible]

[illegible] ژۇرۇشلەشكەن) يەنە شۇ بىزنىڭ نەغمىكەش، سىرىكچىلىرىمىز سەييارە تەرىقىمە پۈتكۈل خىتاينى ئىچىدە تېنىپ، تۇرۇۋاپ ژۈرگەن. [illegible]

[illegible] (بۇ تاغ شەندۇڭ ئۆلكىسىدە.) غەرىپتە كۆكتۇڭ تېغىغىچە چىقتى. (بۇ تاغ گەنسۇ ئۆلكىسىدە). شۇنيۇلارنى شىمالغا سۈردى ... خۇئاڭدى ھەر تەرەپكە قاتناپ كۆچۈپ ژۈرگەچكە، مۇقىم تۇرار جايى يوق ئىدى. ئەتراپقا چېدىر - بارگاھ قۇرۇپ ئۇزىنى قوغداتتى. خۇئاڭدى قېدىمدىن بۇيان كىبلە ۋاتقان ئاتاقاللار ئىچىدە ھەممىدىن كوپ ئىش قىلدى ... (سماچەننىڭ ملادىدىن بۇرۇن 104 - 91 - ژىللىرىدا يازغان 130 جىلدلىق «تارىخي خاتىرىلەر» كىتاۋى. 1 - جىلدى. ئۇيغۇر چىسىدە 16 - 17 - 18 - بەتلەردىن).

خىتايلار ئەينە شۇ ماختىنىدىغان ئون مىڭ ژىللىق تارىخنى پەقەت بىزنىڭ ئەجداتلار بىلەن، جەنۇبتىكى جۇاڭ، زاڭزۇ، مياۋ، لى، ۋيېتنام، مالايزىيەلىكلەر، كامبوچى ۋە ياپونلار بىلەنلا ئۇرۇشۇپ ئوتكىنىنى، ئۇلارنىڭ بىر قىسمىنى خىتايلاشتۇرسا، جۇملىدىن، بىزنىڭ ئىلگىرى ئاخىر بولۇپ 44 دىن ئارتۇق ئۇيغۇر - ئوغۇز، دۇرۇگ (ھازىرقى تۈرۈكلەرنىڭ توققۇز قەبىلىسىنىڭ ئەسلى نامى) قەبىلىلىرىنىڭ بەزى ئازغۇن، ساتقۇنلىرىنى خىتايلاشتۇرۇپ كېتەلىسىمۇ، ئاساسى ئۇيغۇر ۋە تۈركلەرنى ھازىرقى ئاتوم قۇۋىتىگە ئىگە بولغاندىمۇ، قۇدرەتلىك زامانىۋى ھەربىي كۈچكە ئىگە بولۇپ كەتكەن بولسىمۇ، بىزنى خىتايلاشتۇرۇشقا پەقەت ئەلنەغمىلىرىمىزنى ئۆزگەرتكەندىن كېيىنلا مۇمكىنلىگىنى چۈشىنىپ قېلىشتى. ئۇزلىرى كامىستىپ «چەنتۇ»، «سىككو» دەپ خورلايدىغان خەلقىنىڭ مۇزىكىسىدىن خىتاينىڭ مۇقاملاردەك مۇزىكىلىرى يارالغان، دېگەندەك گەپكە ژۈكۈنۈپ قېلىشىدا باشقا سىر يوق...

شۇنىڭ ئۈچۈن: ملادىدىن بۇرۇن 145 - ژىلى تۇغۇلغان سماچيەن يازغان «تارىخى خاتىرىلەر» دېگەن كىتاۋى، ئۇنىڭ ئۇزىدىن بۇرۇن يېزىلغان (كوگزى رەتلەپ توپلىغان فولكلورلۇق كىتاۋى »شىجىڭ«) - ناخشىلار كىتاۋى ئاساسىدا قېدىمكى خىتاينىڭ تارىخىنى ئۇز دەۋرى ملادىدىن بورۇنقى 91 - ژىلغىچە يېزىپ چىققان. «شىنجاڭ شويۋەندە» 1952 - 1954 - ژىللاردا تىل - ئەدەبيات فاكۇلتېتىدا ئوقۇۋاتقان چېغىمىزدا «جۇڭگو تارىخى» دەرىسىدە شىياۋدۇگەن دېگەن خىتاي ئابدىراخمان ئاكا تەرجىمانلىغىدا سوزلىگەندە: «سماچيەن، سمايەننىڭ ئوغلى. «تارىخي خاتىرىلەرنى» بۇۋىسى يەنە بىر سمانىڭ دەۋرىدىن ئۈچ ئاتا يېزىپ پۈتەرگەن، شۇ ئۇز ئەينى قول يازما بىر داچەيگە (بىر تونناغىچە ژۇك باسىدىغان خىتاي هارۋۇسى) ژۇك بولىدىغان كىتاپ ئىدى. ملادىدىن بۇرۇن 99 - ژىلى خەن ۋۇدى دەۋرىدە ھۇنلار بىلەن بولغان چوڭ سوقۇشتا باش قوماندانى لىلىڭ (لى گۇاڭ دېگەن بۇرۇنقى باش قوماندانىنىڭ ئوغلى) ھۇنلارغا ئارمىيەسى بىلەن ئەسىرگە چۈشۈش پەيتىدە ئەل بولغان. سماچيەن لىلىڭنى ئاقلاپ، «ئۇ بىر مەخسەتنى كوزلەپ ئەل بولغان ئوخشايدۇ. لىلىڭ سېتىلما بولۇشى مۇمكىن ئەمەس» دېگەن. شۇڭلاشقا خەن ۋۇدى، سماچيەننى ئولۇم جازاغا بۇيرۇيدۇ. لىلىڭنىڭ ئەۋلادىنىڭ ھەممىسىنى قىرىپ تاشلايدۇ. شۇ چاغدا خىتاينىڭ يۇرت چوڭلىرى سماچيەننىڭ ئۈچ ئاتىدىن بېرى تاماملانمىغان «تارىخى خاتىرىلەر»نى تاماملىششى ئۈچۈن، ئۇنى ئولۇمدىن تىلەپ تۇرۇۋالىدۇ، ئەركىشى بېشىنى ئېلىش، ياكى جان يېرىنى كېسىپ تاشلاش بىلەن ئامان قېلىشى بىر قايىدە - يوسۇن بولغانىكەن. سماچيەن زىندانىدا جان يېرى چورت كېسىلگەن ھالەتتە «تارىخى خاتىرىلەرنى» ملادىدىن بۇرۇن 91 - ژىلى تاماملاپ، ملادىدىن بۇرۇنقى 86 - ژىلى ئۆلىدۇ.

مانا شۇ ئۈچ ئاتا يازغان «تارىخى خاتىرىلەر» ۋە كوگزى رەتلىگەن مىڭ ژىل (بۇلار ملادىدىن 5 - 6 ئەسىر بۇرۇن ئوتكەن خىتاي پەيغەمبەرلەردەك ھېساپلانغان كىشىلىرى) رەتلىگەن «شىجىڭ» دېگەن كىتاپلاردا نەغمىلەرنىڭ ئەڭ ئاتاغلىغى يەنە شۇ بىزنىڭ ئەجداتلىرىمىز بولغان رۇڭلار (بۇلارنىڭ نامى ئۇرغۇن، تاغ رۇڭلار، شەرقى رۇڭلار، غەربىي رۇڭلار، چىۋىدىن رۇڭلار ۋە ھاكازا) دىلار (بۇلارمۇ ئۇرغۇن: ئىگىز دىلار، دىلار، قىزىل دىلار) گاۋچەلەر، لى لار، بولۇپ بىزنىڭ 44 دىن ئارتۇق ئەزەلى قەبىلىلەرنىڭ نامىلىرى بولۇپ، ئۇلار ھازىرقى كورىيەدىن ئورال، كاسپىغىچە، جەنۇبتا دوڭخۇاڭدىن، پامىرغىچە بولغان ئەجداتلار، ئىچىدە ھازىرقى مانجۇرىيە، مۇڭغۇلستان، گانسۇ، چىڭخەي، سەنسى، سەندۇڭ، شەنشى ئۆلكىلىرى، يەنى سارى ئېرماق (خىتايلار «خۇاڭخە» دەپ ئاتاۋاتقان) دەريانىڭ ئۇ ياق - بۇ ياقىدىكى رۇڭلار، دىلار بىلەنلا بولغان ملادىدىن بورۇنقى ئۈچ مىڭ ژىللىق تارىخنى سوزلەيدىغان سماچيەننىڭ كىتاۋىنىڭ ئۇزىدىنلا مەلۇم دەستەك ئالساق، خىتايلارنىڭ «شىنجاڭ ئەزەلدىن جۇڭگونىڭ بىر قىسمى» دەيدىغان ئويدۇرمىسىغا قارشى ئىسپاتقا ئىگە بولالايمىز.

خۇاڭدى دەۋرىدىلا بەش ئاقساقال: خۇاڭدى، جۇەنشۇ، دىكو، تاڭياۋ، يۇشۇنلار پەقەت ئۇزۇن دەريا (خىتايلار «چاڭجاڭ» دەۋاتقان) بىلەن سارى ئېرماقنىڭ (خۇاڭخەنىڭ) تۇۋىنىدىن، ھەر ئىككى دەريانىڭ ئوتتۇرا ئېقىمىدىن خىتاي دېڭىزىغىچە بولغان ئارىلىق، ئەسلى خىتاينىڭ يېرى بولغان. بۇ يەرلەردە تەگرى تاغ ئەتراپلىرىدىكىدەك يەر ئاستى بايلىغى يوق يەرلەر ئىدى. بىرىنچى بولۇپ، خۇاڭدى دەۋرىدە بەش ئاقساقال بىرلىككە كەلگەن.

ئەشۇ خۇاڭدى دەۋرىدە كىيىم كىيىش يولغا سېلىنغاندا ئۇزۇن قارا خالاتتەك ئەگلىنى رەسمىيەتكە ئوتكەزدى. ئۇ كىيىمگە ئۇزلىرى «خىدايى» دەپ نام قويدى. «خى» - قارا، «دا» چوڭ - يوغان، يەنى كەڭ - كۇشادە ۋە ئۇزۇن پۇت ئۇچىغا تېگىپ تۇرغىدەك پەش، قول ئۇچىدىن بىر نەچچە غېرىچ ئېشىپ تۇرغىدەك يەڭ ئىدى. «يى» كىيىم دېگەندىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇ چاغدا چاڭجاڭ ئەتراپى ئىسسىق يەر بولغاچقا، ئۇزۇن ھەم ئىسسىقنى چىللاپ تۇرىدىغان كىيىمدە خىتاي خەلقى ئىشتان كىيمەتتى. بىز كىچىك ۋاقىتلاردا ئۇيغۇرستانغا كېلىپ تۇرۇپ قالغان خىتاينىڭ قېرىلىرى ھەم ئىشتانسىز خى دايىسىنى كىيىپ ژۇردەتتى. ئەينە شۇ كىيىملىرى بىلەن ئەتراپتىكىلەر (خىتاي ئەمەس خوشنىلار) خى دايىنى، نام قىلىپ - يەنى لەقەم قىلىپ «خىتاي» دەۋالغان. بۇ نام ھازىرغىچە پۈتكۈل دۇنياغا تاراپ كەتتى. خىتايلار ئۇزلىرىنى مۇستەملىكىلىرىگە «خىتاي» دېگۈزۈشتىن ئىزا تارتىدۇ ھەم باشقىچە ئەپەرتلىك نام ھېساپلاپ. ملادىنىڭ بېشىدىكى «خەن» ۋۇدى - (ئىمپېراتورى) نامىغا خەن مىللىتى - «خەنزۇ» دېگەننى ياخشى نام دەۋالدى. خۇاڭدى دەۋرىدە يەنە رۇڭلارچە نەغمىلەرنى ئاڭلاشنى چەكلەپ ئۇزلىرىچە نەغمىلەرنى چىقارغاندەك. ئاياللارنى «تەتەي» قىلىشنىمۇ يولغا قويغان. «تەتەي» قىز بالا توغۇلغان ھامان چىمەلتەك پۇتىنى بوغۇپ ئوستۈرمەيدۇ. تەتەي بولغان ئايال ئەرگە تولۇق بېقىنىدىكەن. ئەركەكلەرگە ھوزۇرنى جىنسى مۇناسىۋەتتە كوپ ھەدىيە قىلارمىش. ئۇزىنى ئاجىز سەزگەن ئايال بالىنى توغۇۋېرىدىكەندە. خىتاي نەسلى كوپىيىدىكەن. خىتاي كوپەيسە، ئەسكىرى كوپ بولۇپ، باي ئەللەرنى ئوگايى ياۋلاپ ئالالايدىكەن. بۇ «تەتەي» ۋازلىق تاكى 1911 - ژىلى شىڭخەي ئىنقىلاۋىغا قەدەر داۋام قىلدى. سۇنجوڭگەن چەكلىگەن بىلەن 5 - 6 مىڭ ژىل داۋام قىلغان «تەتەي» ۋازلىقنى خىتايلار 1950 - ژىلغىچە داۋام قىلدى. خىتاي ۋاكىلرى قوللانغان بۇ ئامال ئەندى كېلىپ 20 - ئەسىردە «ئەسلىنى چەكلەش - توغۇتنى چەكلەش» مەجبۇرىيىتىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى.

ھەر ھالدا ھازىرقى خىتاي رەھبەرلىرى ئۇزگىرىشى تەس بولغان باي ۋە بويسۇنماس ئۇيغۇر، تاگغوت ۋە مۇڭغۇللارنىڭ سانىنى ئازايتاق كوپ ساندىكى خىتاينىڭ يارامىلىق ئادەملىرى يەنە يېتىپ ئاشىدۇ. دېگەن بىلەن پەنگە، ئىلىمغا قارشى ھەرىكەتنى بىغۇتلارچە ئېلىپ كېتىپ بارىدۇ. شۇنىڭغا قارىماي ئۇيغۇرلارنىڭ كىيىمىنى، تامىغىنى، ھەتتا تىلىنىمۇ ئۆزگەرتەلەيمىزكەن، ئامما نەغمە تىلىنى، ئەلنەغمە (مۇقام) تىلى بىلەن مەنىسىنى ئۆزگەرتمەك قىيىن ئېكەن، دەپ، ئەڭ ئالدى بىلەن كەمتەرلىك قىلغان ھالدا مۇقام (ئەلنەغمىلەرنى) قايتا رەتلەش، قىزىپ توپلاش، ئېچىش ۋە رىۋاجلاندۇرۇش، دېگەندەك ھەرىكەت بىلەن، ئەلنەغمىلىرىمىزنىڭ خىتاي نەغمىلىرىگە ئوخشايدىغان جايلىرىنى كوپىرەك تەھلىل قىلىشىۋاتىدۇ. مۇقاملارنىڭ نوتىسىنى 1961 - ژىللا ئىككى توم كىتاپ قىلىپ، 90 - ژىللاردا بولسا ئۇن نەچچە توم كىتاپ قىلىۋەتتى. 1992 - ژىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىدىن نەشر قىلىنغان 477 بەتلىك توپلامدا («ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى ھەققىدە») ئۇيغۇر ۋە خىتاي مۇقام تەتقىقاتچى ھەم كومپوزىتورۇ، مۇقامچىلارنىڭ ماقالىلىرى بېرىلگەن. كىتاپتا ئاساسەن مۇقاملارغا بولغان ھەمدۇسانالار تەكرار - تەكرار ياخشى بېرىلگەنۇ، شۇنىڭ بىلەن بىزنىڭ كلاسسىك مۇزىكا - سەنئىتىمىزنىڭ خىتايلارغا تەسىرىنى ماختىنىش يۈزىسىدىن سوزلىگەندەك قىلغان بىلەن، ئۇيغۇرلارنىڭ قېدىم نەغمىلىرىمۇ خىتايلارنىڭ نەغمە - ناۋالىرى (چاڭچىلا - كۈي تىللىرى) ئوخشاش دېگەننى ئۇختۇرىدۇ. بۇنىڭ بىلەن نېمە دېمەكچى، بۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇرلارمۇ خەن ئەۋلادى دېگەنگە ئىسپات كورسەتمەكچى بولغىنى ئوخشايدۇ.

زادى بىزنىڭ قېدىم ئەلنەغمىلىرىمىز نېمىنى كۈيلەيدۇ؟ بىزنىڭ ئەلنەغمىلىرىمىز: «ئازاتلىقنى، ئەركىنلىكنى، ئىنسانپەرۋەرلىكنى، ھەق - ئادالەتنى، كىشىلىك يېقىملىق پەزىلەتلەرنى ئۇزلەشتۇرۇشنى كۈيلەيدۇ. شۇنداق ئېكەن، خىتاپەرەسلەرنىڭ مۇقام تېكىستلىرىنى يېڭىلاش، سوتسىيالىزم دەۋرىگە (خىتايلارنىڭ پايدىسىغا) ئىشلەيدىغان قىلىشنى تەرغىپ قىلىشى كۈلكۈلۈك مۇئامىلە ئەمەسمۇ؟ ئۇيغۇرلار ئۇزى بويىندا قۇللۇق بويۇنتۇرۇق تۇرسا، ئۇنىڭ ئەركىنلىكنى كۈيلەيدىغان كۈيلىرىگە «سەن ئازات، خوشال - خورام ياشاۋاتىسەن» دېگەن قوشاق - غەزەل سەپلەنسە، بۇ قانداق قۇلاققا خۇشياقسۇن؟!

رەھىم ھەبىبى.

(داۋامى بار).

مىرزەخمەت مىرىموۋ

ئانا تىلىم

ئانا تىلىم، دانا تىلىم دېگەن ھەق،
ئانا تىلدا ئېيتالايمىز لوينى ئەق.

ئانا تىلدا ئېيتار ھەر كىم مەخسەتنى،
ئانا تىلدا توكەر ژۇرەك ھەسرەتنى.

ئادەم بولۇپ ياراللدۇق بىز تىل بىلەن،
بۇ دۇنيانى چۇشەندۇق ھەم دىل بىلەن.

دىلسىز، تىلسىز ئوخشار ئادەم مەخلۇققا،
تىل بولەيدۇ كوڭۇللەرنى شاتلىققا.

ھەر كىم سويەر تۇققان ئانا تىلىنى،
تىلىنى سويگەن سويەر يۇرتنى، ئېلىنى.

مەن سويىمەن ئانا تىلىم، يۇرتىمنى،
ئاڭا بەرسەم دەيمەن ژۇرەك ئوتىمنى.

مىڭ ئەسىرلىك تارىخى بار تىلىمنىڭ،
مىڭ ئەسىرلىك تارىخى بار ئېلىمنىڭ.

قاراخانىي، سەئىدخانلار تىلى بۇ،
ئەجداتلارنىڭ مىراس قالغان گۇلى بۇ.

چاغاتايلار ئۇيغۇر تىلىن قەدىرلىگەن،
موشۇ تىلدا ھوكۇم يېزىپ، ئەل بىيلىگەن.

ئانا تىلىم مېنىڭ ئۇچار سەن قانىتىم،
ئانا تىلدا بەخت، شاتلىق، ئامىتىم.

ئوزگە تىلدا سوزلەر كورەڭ بەزىلەر،
ئۇلار ئۇچۇن بۇ مەدەنىي سېزىلەر.

ئۇنتىغانلار ئۇ ئوزىنى ھەم نەسلىنى،
تېگىشكەنلەر مەنپىيەتكە ۋەسلىنى.

ئانا سۇتى بىلەن سىڭگەن ئانا تىل،
ئەسىر ئاتلاپ ئومۇر سۇرگەن ئانا تىل.

ئانا تىلىم سەن باركەنسەن بارلىقتا،
ئولمەي ـ ئوچمەي ئومۇر سۇردۇم زورلۇققا.

ئانا تىلىم سەن بولمىساڭ بولماتتىم،
ھاياتلىقنىڭ شاتلىغىنى بىلمەتتىم.

ئۇيغۇر تىلى، مىللىتىمنىڭ ئوزى سەن،
مەڭگۇ ھايات ـ ئولمەيدىغان سوزى سەن.

ساڭا قاراپ شاتلىغىم تاشار
(ئانا سوزى)

بۇگۇن سېنىڭ تۇغۇلغان كۇنىڭ،
مېنىڭ ئەزىز گۇلۇۋرا قىزىم.
شۇنچە تاتلىق ئېيتقان ھەر سوزۇڭ،
گويا لالە سۇپ ـ سۇزۇك يۇزىڭ.

ساڭا قاراپ شاتلىغىم ئاشار،
ساڭا قاراپ بۇ ئومرۇم ياشنار.
زىلۋا بويۇڭ، ئوت چاقناپ كوزىڭ،
مېنى گوزەل ياشلىققا باشلار.

مېنىڭ ئۇمۇت يالغۇزۇم ئوزەڭ،
پارلاق تۇرغان يۇلتۇزۇم ئوزەڭ.
ئاتاڭمۇ مەن، ھەم ئاناڭ ئوزەم،
سېنىڭ بەخىت تويلىرىڭ كورسەم.

ژۇرىگىمنىڭ پارىسى ئوزەڭ،
بۇ ئومرىمنىڭ ئارزۇسى ئوزەڭ.
كىبلەچەككە ئورنىڭنى تېپىپ،
ئارمىنىم شۇ ـ بەختىڭدىن كۇلسەڭ.

ژىلدىن ـ ژىلغا ئوسمەكتە يېشىڭ،
غەم ـ قايغۇدا كەتمىسۇن بېشىڭ.
بۇگۇن سېنى باغرىمغا بېسىپ،
خوشاللىقتىن ئاقىدۇ يېشىم.

ئوسۇۋەرگىن تەلپۇنۇپ، يايراپ،
بىلىم بىلەن ياشلىغىڭ ياشناپ.
ئامانىنسا، ئىپارخان، نازۇك ـ
مايىمخانىدەك ياشىغىن چاقناپ.

رۇبايىلار

بىلمەيمەن كىملەرگە بولدۇم مەن توسۇق،
گۇمانخور ئويلايدۇ، نىيىتى بۇزۇق.
ئىلھامىم ـ ھاياتلىق سىرىن كۇيلىدىم،
ھېچكىمنىڭ بايلىغىن ئەتمىدىم بۇزۇپ.

* * *

بارنى يوق ئېتىدۇ، يامانلىق دېگەن،
ھەقنى خار ئېتىدۇ يامانلىق دېگەن.
يۇزىمۇ، ئىچىمۇ قاپ ـ قارا تۇرۇپ،
ئاقنى قارا ئېتىدۇ يامانلىق دېگەن.

* * *

كوزلەردىن توكۇلەر قايغۇ ـ دەرتتىن ياش،
تەشۇش ھەم گۇماندىن كاڭگىرايدۇ باش.
ئۇزگىدىن نە قانچە راۋاۋەت كەلمەك،
چاۋاك چېپ كۇلۇشسە قېرىنداش، قاياش.

* * *

دۇنياخور، مەنسەپخور ئورلىگەن زامان،
يالغانچى، تەخسىچى كۇللىگەن زامان.
ئاغزىدا شەر ئېلىپ ھەم سېپىل سوقۇپ،
شان ـ شوھرەت قۇللىرى سوزلىگەن زامان.

* * *

دوست ئېدۇق ئوز ئارا پاراڭ سېلىشتۇق،
ئۇ تاغدىن، بۇ تاغدىن سىرلار چۇگۇشتۇق.
شامالدا ئۇچتىمۇ مېنىڭ كەپلىرىم،
ئەتىسى دوست بىلەن داۋدا كورۇشتۇق.

* * *

بولسۇن قۇتلۇق قەدىمىڭ يېڭى ئەسىر،
سېنىڭ بىلەن باشلانسۇن يېڭى پەسىل.
دۇنيانىڭ تەغدىرىنى ئالسۇن قولغا،
ھەق تۇغى ـ يېڭى ئادەم، يېڭى نەسىل.

* * *

ئون بەشى قاراڭغۇ، ئون بەشى يورۇق،
ئاي كەبى بىزلەرمۇ ئاللارمىز ھوقۇق.
قەددىمنى كوتىرىپ، چىقىپ مىنبەرگە،
«مەن ئۇيغۇر!» جار سالاي قوشاقلار توقۇپ.

بىر تېپىشماقنىڭ
سىرى ئېچىلدى

مىسىر ئارخېولوگلىرىغا ئىنتايىن چوڭ تاش پارچىلىرىدىن ھەيۋەتلىك ئىنشائەتلەرنى سالغان قېدىمىي قۇرۇلۇشچىلارنىڭ سىرىنى ئېچىش مۇمكىن بولدى. تا ھازىرغىچە قېدىمىي مېمارلارنىڭ بىر نەچچە توننىلىق ئۇيۇل تاشلارنى قانداق يوتكىگەنلىگى ۋە ئۇلارغا خادا تاشلاردىن ئىنتايىن چوڭ بلوكلارنى «كېسىش» قانداق مۇمكىن بولغانلىغى سىر بولۇپ كەلگەن ئېدى.

تەتقىقات ئىشلىرى ئاسۇئان شەھىرى يېنىدىكى قېدىمىي تاش ئېلىنغان جايدا ئېلىپ بېرىلدى. بۇ يەردە ھازىر مەلۇم تاش «زاكوتوۋكىلىرىنىڭ» ئەڭ يوغىنى تۇرىدۇ، ئونى سىلىقلاش ئىشلىرى شۇ چاغدا ئاياقلاشماي قالغان. بۇ مونۇمېنتىنىڭ سالمىغى 1197 توننا، ئەندى ئۇزۇنلىغى بولسا ـ 42 مېتر. ئالىملار تاش ئۇرغان مەيداننى تازىلىشىدىن ئىلگىرى تەخمىنەن 50 مىڭ كۇبومېتر توپىنى يوتكەشكە توغرا كەلدى. بۇ ئىشلار جەريانىدا تاش بلوكلىرىنى ئېلىپ كېتىش ئۇسۇلىنى بىلىۋېلىش مۇمكىن بولدى. دوگىدىن نىل دەرياسىنىڭ قىرغىغىغا ئېلىپ بارىدىغان يول تېپىلدى. بۇ قىرغاقتىن «قۇرۇلۇش ماتېرىيالى» كېمىلەرگە بېسىلاتتى. ئۇنىڭدىن تاشقىرى، تاش ئېلىنغان جايدا تاشلاردا ئويغۇنلىغان يېزىقلار تېپىلدى. ئەندى ئۇنى ئوقۇپ چىقىش بويىچە ئويغۇن ئىشلارنى قىلىش كېرەك. ئالىملار فاراۋونلار دەۋرىدىكى دىئالېكتلار توغرىلىق ۋە قېدىمىي مېمارلارنىڭ ئارخىتېكتلىق ھېپلىرى ھەققىدە ئويغۇن يېڭى ئەرسىلەرنى بىلىشنى ئۇمۇت قىلىشىۋاتىدۇ.

فوتو ئېتيۇد

ئۇسسۇل شەيدالىرى.

مۇنداقمۇ بولىدۇ

ئاغرىقخانىدىن كىتاپقا

شىمالىي ئوسېتىيەدە بىمارنىڭ سۇنغان يامپاش سۇيىگىنى ئورنىغا چۇشىرىش ئوپېراتسىيەسى ئۇتۇقلۇق ئوتۇپ، ئۇنىڭ جەريانى دەرھال گىننېسنىڭ رېكوردلار كىتاۋىغا تىركىلىش ئۇچۇن ئەۋەتىلدى. مەزكۇر ئوپېراتسىيە بىر نەچچە جەھەتتىن نادىر بولغان ئېدى. بىرىنچىدىن، بىمار 114 ياشتا (تا موشۇ ۋاقىتقىچە ئوپېراتسىيە قىلىنغان ئەڭ قېرى كىشى 111 ياشلىق ئامېرىكىلىق ھېساپلىنىپ كەلگەن ئېدى). ئىككىنچىدىن، ئېغىر ئوپېراتسىيەدىن كېيىنكى تورتىنچى كۇنى (ئۇستىخان تىتان مېتالل كونستروكسىيەسى بىلەن مۇستەھكەملەندى) بىمار ئايال ئاياققا تۇردى. ئەندى، ئۇچىنچىدىن بولسا، بىر ئايدىن كېيىن ئۇ مۇتلەق ئەركىن مېڭىپ ژۇرىدۇ.

ئوز ئەركى بىلەن كوچىدا قالغانلار

25 مىڭدىن ئوشۇق ئاۋستىرالىيەلىك ئويسىز ئادەملەر ئۇچۇن پۇل ژىغىش مەخسىتىدە بىر كېچىنى كوچىدا ئوتكەزدى. ئادەملەر مەكتەپلەردە، ئىستىراھەت باغلىرىدا، ئوز ئويلىرىنىڭ ھويلىلىرىدا ۋە ئوچۇق ستادىئونلاردا ئۇخلىدى. ھەر ژىلى ئۇتكۇل ئاۋستىرالىيە بويىچە ئوتكۇزۇلىدىغان مەزكۇر چارە ـ تەدبىرنى ئۇيۇشتۇرغۇچىلارنىڭ تەكىتلىشىچە، ئوچۇق ئاسمان ئاستىدا ئۇخلاش ئىشتىراكچىلارغا ئويسىز ئادەملەرنىڭ قىسمىتىنى ياخشى چۇشىنىش كە ۋە ئۇلارنىڭ مۇئامىلىرىغا جامائەتچىلىكنىڭ دىققىتىنى جەلىپ قىلىشقا ئىمكانىيەت بېرىدۇ.

دالدا تاپسىلا...

پېنزىلىقلار پۇتكۇل دۇنياغا ئىككى نەرسىدە ـ كائىناتتا ۋە ئادەمنىڭ ئاخماقلىغىدا چېگارا يوقلىغىنى يەنە بىر قېتىم ئىسپاتلىدى. ئىلگىرى ئەڭ ئىلغار ھېساپلىنىدىغان ۋە قابىلىيەتلىك مۇتەخەسسىلەر ۋە نادىر كەشپىياتلار بىلەن داڭ چىقارغان شەھەر كارخانىلىرىنىڭ بىرىدە، سۇنى ۋە ئېلېكتر قۇۋۋىتىنى ئىختىسات قىلىش مەخسىتىدە بارلىق ھاجەتخانىلار يېپىۋېتىلدى. ئەندى كارخانىنىڭ بىر نەچچە يۇز ئەر ۋە ئايال خادىمى ئوزلىرىنىڭ تەبىي ئېھتىياجلىرىنى زاۋۇدنىڭ گوزەل گۇلزارلىغىدا چىقىرىدۇ...

ئەڭ قېرى شوفيور

80 ياشلىق ئانگلىيەلىك بوب كاررى دۇنيادىكى ئەڭ قېرى ژۇك ئاۋتوماشىنىسى شوفيورى دەپ رەسمىي ئېتىراپ قىلىندى. پېشقەدەم شوفيور مانا 55 ژىلدىن بۇيان ماشىنا ھايدىماقتا. بۇ دەۋر ئىچىدە ئۇ 5 مىللىون كىلومېترغا يېقىن مۇساپىنى بېسىپ ئوتتى، بۇ يەردىن ئايغىچە بولغان ئارىلىقنى ئون ئۇچ قېتىم ئايلىنىپ چىقىش بىلەن باراۋەردۇر. بوب كاررى ژۇك ئاۋتوماشىنىسىنى ھايداش ئۇچۇن شوفيورلۇق گوۋاھنامىسىنىڭ ئەڭ قېرى ساھىبى سۇپىتىدە گىننېسنىڭ رېكوردلار كىتاۋىغا تىركەلدى.

روسسىيە مەتبۇئات ماتېرىياللىرىدىن.

مۇنداقمۇ بولىدۇ

ئىنجىلنى تولۇق
يادلىيالايدىغان ئادەم

ئامېرىكىلىق پېيلى فۇت ئالاھىدە ئوتتۇۋېلىش ئىختىدارىغا ئېگە بولۇپ، ئۇ «كونا ئەھدىنامە»نى تولۇق يادلاپلا قالماي، «يېڭى ئەھدىنامە»نىمۇ تولۇق يادلىيالايدىكەن. ئامما ئۇ ئايغىنىڭ شىۋرىنى ئوزى چەگەلمەيدىكەن ھەم كوندىلىك ئۇرمۇشتىكى ھېساپ ـ كىتاپ ئىشلىرىنىمۇ قىلالمايدىكەن.

پېيلىنىڭ ئالاھىدە ئوتتۇۋېلىش قابىلىيىتى ئامېرىكىدىكى ئىنجىلشۇناسلارنى تولىمۇ ھەيران قالدۇرغان.

ئۇ تورت مۇتەخەسسىسنىڭ ئالدىدا ھەر كۇنى 18 سائەتتىن توپ توغرا بەش كۇندە پۇتۇن ئىنجىلنى سوزمۇ ـ سوز يادلاپ بەرگەن. مۇتەخەسسىلەر ھەر نەچچە سائەتتا بىر قېتىم بۇ «ئېلېكترون مېڭىلىك ئادەم»نى توختىتىپ،تاماق يېيىشكە ۋە دەم ئالدۇرۇشقا مەجبۇر بولغان. پروفېسسور جابلدىيا نيۇربىل ھەيرانلىق بىلەن مۇنداق دېگەن: «ئەگەر بىز ئۇنى توختىتىۋالمىساق، ئۇ يادلاۋېرەتتى. بىز ئۇنىڭ يادلىغىنىنى «ئىنجىل» بىلەن بىرمۇ ـ بىر سېلىشتۇرۇپ تۇرۇپ پەقەت بىرلا كىچىك خاتالىغىنى تاپالىدۇق. ئۇ بىر يەردە «چىش» دېگەن سوزنى «پۇت» دەپ ئوقۇپ قويدى. ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ يەردە خاتالىق كورۇلمىدى. ئۇ مەن كورگەن ئادەملەر ئىچىدە ئىنجىل ھەققىدىكى بىلىمى ئەڭ كوپ ئادەم».

پېيلىنىڭ ھەيران قالارلىق ئوتتۇۋېلىش قابىلىيىتى «ئىنجىل»بىلەنلا چەكلىنىپ قالمايدىكەن. ئۇ يەنە 1991 ـ ژىلىدىكى نيۇ يورك شەھىرىنىڭ تېلېفون نومېرلىرى دەپتىرىدىكى ئا دىن م غىچە بولغان بارلىق مەزمۇننى يادلاپ بېرەلەيدىكەن. ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسى فالورد فۇت بىلەن مېيلۇن فۇت ئۇنى خۇددى داستىن ھولفمەن فوفمان «يامغۇر» ناملىق كىنودا رولىنى ئالغان پېرسوناژغا ئوخشاش «كوموش مۇتەخەسسىس» دەپ قارايدىكەن.

ئۇيغۇر خەلىق ماقال ـ تەمسىللىرىدىن

* ئات ئايلىنىپ ئوقۇرىنى تاپىدۇ،
مۇساپىر ئايلىنىپ يۇرتىنى (تاپىدۇ).
* ئادەمنىڭ ياخشىسى ئەل ـ يۇرتۇم دەپ ئولەر.
* ئانا بىلەن ئوي ئاۋات،
ئاتا بىلەن ئەل (ئاۋات).
* ئانا تىلىڭ ـ ئىككىنچى ئېلىڭ
* ئانا ماكان ـ جەننەتۇلرىزۋان.
* ئانا يەردىن ئالتۇن ئالساڭ ئەلگە سۇن.
* ئەلگە ئەل قوشۇلسا ـ دولەت،
ئەلدىن ئەل كەتسە ـ قىيامەت.
* ئەل بىلەن كېسىلگەن قولدىن قان چىقماس.
* ئەل تەختتىن ئايرىلسا،
ئەر بەختتىن ئايرىلار.
* ئەلدىن ئايرىلغاننى يەر ژۇتار.
* ئەلدىن ئايرىلغاننىڭ ئەلگىگى توشۇك.
* يۇرتقا پاتمىغان ھېچ يەرگە پاتماس.
* ۋەتىنىڭ قۇدرەت تاپسا،
جان ـ تېنىڭ راھەت تاپىدۇ.
* ئەلدىن ئايرىلغىچە جاندىن ئايرىل.
* ئەلدىن كەتتىڭ ـ بەلدىن كەتتىڭ.
* ئەلنى ئويلىغان ـ ئۇخلىماس.
* ئەلنى يامانلىغان ئەرزەبۇن.
* ئەلگە قايتماق ئەيىپ ئەمەس.
*ئەل قىساسى ـ مىنەلھەق.
* ئەمەلدىن كەچ، ئەلدىن كەچمە.
* بېشىڭدا ئالتۇن تاج بولسىمۇ، سەن ئەلگە مۇھتاج.
* بېلىگىنى سۇندۇرغان ـ ئېلىگىنى سۇندۇرالماس.
* پادىشاھسىز ئەل ژىتىم،
ئېگىسى يوق يەر ژىتىم.
* تۇغۇلغان يەرنىڭ تېشى ئالتۇن، سۇيى شەربەت.
* تۇغۇلغان يېرىڭگە تۇغۇڭنى تىكلە.
* جاندىن كەچسەڭمۇ ماكاندىن كەچمە.
* دۇشمەنىنىڭ قارغىشىدىن قورىقما،
ئەلىنىڭ رەنجىشىدىن قورىق.
* كوپتىن يامانلاپ كومۇلمەي قاپتۇ.
* مۇساپىردەك غېرىپ بولماس،
يۇرتىنى يەردە تېرىپ بولماس.
* ئوز ئېلىڭ ـ ئالتۇن بوشۇك.
* ئوز ئېلىدە مېھىر گىياھ،
ياقا يۇرتتا شۇمبۇيا.
* ۋەتەنسىز ئادەم
ھاياتى ماتەم.
* ۋەتەنسىز ئەر ھوسۇلسىز يەر،
ۋەتەنسىز كىشى ـ ناخشىسىز بۇلبۇل.

ئەۋلاتلار پەخرى - ئۇستازدۇر

پانفىلوۋ ناھىيەسىدە ھەر خىل ساھالاردا ئۈنۈملۈك ئەمگەك قىلىپ، كۆزگە چېلىققان نۇرانىي ئانىلار كۆپلەپ سانىلىدۇ. ئەينە شۇلارنىڭ بىرى - پۈتكۈل ھاياتىنى، بىلىمىنى، ياش ئەۋلاتلارغا سەرپلەپ كەلگەن ھەم كېلىۋاتقان ئۇستاز بۈۋى ھەدە قەمبەروۋادۇر.

بۈۋى قەمبەروۋا 1925 - ژىلى ياركەنت شەھرىدە دۇنياغا كەلگەن. 1942 - ژىلى ياركەنت پېداگوگىكىلىق بىلىم يۇرتىغا چۈشۈپ، ئوقۇشنى 1944 - ژىلى مۇۋاپپەقىيەتلىك تاماملاپ، ناغرىچى مەكتىۋىدە ئۇستازلىق پائالىيىتىنى باشلايدۇ. ئۇ ئالدى بىلەن مەزكۇر بىلىم يۇرتىدا مۇئەللىمە، ئاندىن مەكتەپ مۇدىرى بولۇپ ئىشلەيدۇ. بۈۋى قەمبەروۋا ئۆز بىلىمىنى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈش مەخسىتىدە 1949 - ژىلى ئالمۇتىدىكى قىزلار پېداگوگىكىلىق ئىنستىتۇتىنىڭ تارىخ فاكۇلتېتىغا چۈشۈپ ئوقۇيدۇ. 1954 - ژىلى ئالىي بىلىم يۇرتىنى تاماملاپ، شۇ ژىلى ياركەنتتىكى كىرووۋ نامىدىكى مەكتەپكە يوللانما بىلەن ئۇستازلىق كەسپىنى داۋاملاشتۇرىدۇ. بۈۋى قەمبەروۋا مەزكۇر مەكتەپتە ياش ئەۋلاتلارغا بىلىم بېرىش بىلەن بىللە تەجرىبىلىك مۇئەللىملەرنىڭ ئىش تەجرىبىلىرىدىن ئۆگەندى ۋە ئىش يۈزىدە قوللاندى. ئۇ موشۇ بىلىم يۇرتىدا ئىشلەش جەريانىدا ئىلمىي مۇدىر، مەكتەپ مۇدىرى لاۋازىملىرىدا ئىشلەپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىلىم سەۋىيەسىنىڭ ئۆسۈشىگە، تەلىم - تەربىيە ئىشلىرىنىڭ ياخشى يولغا قويۇلۇشىغا زور ئۈلۈشىنى قوشتى. كۆپ ژىللىق ئىش تەجرىبىگە ئېگە ئۇستاز ۋە رەھبەر ئۆزى باشقۇرغان مەكتەپنى ناھىيەدىكى ئالدىنقى قاتاردىكى بىلىم يۇرتلىرى قاتارىغا قوشتى، تەلىم - تەربىيە ئىشلىرى، بىلىم بېرىش سۈپىتى كۆتەردى.

ئادەتتە، ئۇستازلارنى جەمىيىتىمىز پەخرى دەپ ئاتايمىز. چۈنكى ئۇلار ياش ئەۋلاتلارغا بىلىم بېرىش، تەربىيىلەش بىلالا چەكلىنىپ قالماي، ئاھالى ئارىسىدىمۇ كەڭ مىقياسلىق جەمىيەتلىك ئىشلارنىمۇ ئېلىپ بارىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئۇلار بىلەن ھەقلىق رەۋىشتە پەخىرلىنىمىز. بۇنى بۈۋى قەمبەروۋانىڭ مىسالىدىن روشەن كۆرۈشكە بولىدۇ. مەسىلەن، تەجرىبىلىك ئۇستاز پېداگوگىكىلىق كوللېكتىۋنى باشقۇرۇپ، ناھىيەنىڭ جەمىيەتلىك ئىشلىرىغا پائال قاتناشقانلىقى ئۈچۈن ئۇ بىر نەچچە پەخرىي يارلىقلار، شۇنداقلا «ھۆرمەت بەلگۈسى» ئوردېنى بىلەن مۇكاپاتلانغان.

ئۆتكەن ژىلى بۈۋى قەمبەروۋانىڭ ھاياتىدا زور خۇشاللىق ۋاقىە يۈز بەردى. ناھىيەنىڭ بىر توپ پېشقەدەملىرى قاتارىدا بۈۋى ھەدىگە «ناھىيەنىڭ پەخرىي پۇخراسى» نامى بېرىلدى.

75 - باھارنى كۆرۈشكە نەسىپ بولغان بۈۋى قەمبەروۋانى سەمىمىي تەبرىكلەپ، تېنىگە ساق - سالامەتلىك، ھاياتىغا خاتىرجەملىك تىلەيمىز.

بەختىجان روزىيېۋ.
پانفىلوۋ ناھىيەسى.

بەدىي پارچىلار

ئاھ، سۆيۈملۈك بىچارەم! مېنىڭ ھەقىقەتەن ھاسىل قىلغان ياخشى چۈشەنچىلىرىڭنىڭ سەراپ - ۋىلۋىلىدىن باشقا نەرسە ئەمەسلىكىنى ساڭا ئىسپاتلاپ بېرىش بىلەن نوزەمگە لايىق جازانى ئۆزەمگە بەرگەن بولىمەن. قەلبىڭدىكى مۇھەببەتنىڭ پاتراق نەپرەتكە ئايلىنىشى بىلەن ئازاپلىنىشلىرىمنىڭ شۇئان توختىشىنى خالايمەن... ھەممە نەرسىنى ساڭا ئىنتراپ قىلىمەن، سوزۈمنى ئالغۇدەك ۋە ئوچۇق ئاشكارە ئېيتىدىغان ئاچچىق ھەقىقەتكە چىداشلىق بېرەلىگۈدەك غەيرىتىڭ بارمۇ؟

كەرىمە نادىر.

* * *

تەنتەنىلىك توي مەراسىمى ئۆتۈپ كەتتى، كىشىلەر «شىرىن ئايلار» دەپ ئاتايدىغان ئايلارمۇ ئۆتۈپ كەتتى. قېيقالغىنى، شوھرىتى ئالەمگە يېيىلغان جەڭدىن كېيىن تاغ - تۈزلەڭلىكلەردە تاشلىنىپ ياتقان جەسەتلەرگە ئوخشاش ھەم قىرتاق، ھەم ئاچچىق كۈنلەر بولدى... شەرقنىڭ دەبدەبىلىك توي مەراسىملىرى ئالدى بىلەن ياش - ۋىكمەت. قىزلارنى يەڭگىل كوتىرىپ بۆلۈتلار ئۈستىگە ئېلىپ چىقىدۇ، ئاندىن ئۇلارنى تېگى يوق دېڭىزغا تاشلايدۇ. تويىنىڭ داغ - دۇغىلىرى بولسا، دېڭىز بويىدىكى قۇمغا چۈشكەن ئىزغا ئوخشايدۇ، ئىز چۈشۈپ بولغىچە دېڭىز دولقۇنى شۇ ھامان ئوچۇرۇپ تاشلايدۇ...

جىبران خېلىل جىبران.

* * *

مەن مۇلايىم تەبەسسۇم بىلەن كۈلمەكنىڭ مەستانىسى. ئامما قەلبىم بىلەن كوز چانىغىم ئاۋازسىز كوز ياشلارنىڭ بۇلىغى.

مېنىڭ سويىدىغىنىم مۇھەببەت ۋە ھەسسىياتلار گۈلىستانىنىڭ مۇلايىم، لەرزان مۇزىكىسى، ئۇ، ئۈمۈت تەگرىسىنىڭ شىۋىرلىشى.

ئەي، سۆيۈملۈك پەرى، سۇ ئۈستىدىكى نىلۇپەر گۈلىنىڭ تەكچىسىدە ئۇسسۇل ئوينىغىن. ئۇنىڭ بەرگى ۋە يوپۇرماقلىرى نىلۇپەر شەكلىگە كىرگەن قۇلۇلە قېپى. ئۇ سېنى سېھىر بىلەن ئۆز تەكچىسىگە قوندۇرۇپ، زەر پۇرۇچلار قولىدا دىنارنى قىسىپ تۇتقاندەك تۇتۇپ، سېنى قۇلۇلە قېپىغا سېلىپ دېڭىز تېگىگە غەرق قىلىدۇ. ئۇ سەندىن ئالەمدە تەڭداشسىز مارجان ياساپ، جاھان بازىرىدا ساتىدۇ...

ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن.

* * *

ئەسىر - قەرنەلەردىن بۇيان ئۇيغۇدىكى بوۋاقتەك خىرامان تىنىپ ياتقان مەھەللە ئەندى ھاسىراشقا چۈشكەن ئىدى. ئۇنىڭ تىنىقى كۈچىنىش، تىرەجەش، تېكىرقاش، كاڭگىراش، خوشاللىق ۋە ئۈمۈت ئىچىدىكى ھاسىراش ئىدى. ئۇ تارىخنىڭ دۇخمۇشىدىن قايرىلمۇاتقان چاغدىكى ئېگىز - پەس تىنىقى ئىدى...

مۇھەممەت باغراش.

ئاك قىرغاقلىرىدا

* ئىنسان - تۇپراقتىن ئۈنگەن گىياھ. گىياھتىن قەد كوتەرگەن ھايۋاندا ئوتتۇق ژىپى بىلەن پىكىر كەشتىلىرىنى تۈزگەن كارامەت مۆزىرە. ئۇ، پۈتكۈل كائىنات سىرلىرىدىن تۈزۈلگەن ئۇلۇق ئەۋرىشكە. ئىنساندا كائىنات مۇمكىنلىكلىرىنىڭ ھەممە قاتلاملىرى بىلەن كورۈنمىلىك سۈرەت ۋە يوشۇرۇن تىلسىمات نەمۇنىلىرى ساقلانغان.

* ئىنسان جىسمانىي جەھەتتىن بىر ھايۋان بولۇپ، ئۇنى «ئات» قا، مەنىۋىي جەھەتتىن بىر كامالەت مۇمكىنلىكىدىكى زات بولۇپ، ئۇنى «ئات مىنگەن كىشى»گە تەمسىل قىلىش مۇمكىن. ئىنسان ماددىي ھايات ۋە مەنىۋىي كامالەت ئاتەكىشلىكىدە ھەرىكەتلىنىدىغان شەيئىي. ئەگەر ئات مىنگەن كىشى دانا بولسا، ئاتنى كامالەتكە يېتەكلەيدۇ، نادان بولسا، ئات ئۇنى ئوقۇرغا باشلايدۇ. ئىنسان روھىيىتى ھايۋان ئوزىزغىنىڭ ئات - يېمىنىڭ «ئىنكاسى»، «ئىپادىسى» ئۈچۈن ئىشلىگۈچى قۇلغا ئايلىنىدۇ.

* دانىشمەن - بىلىمدان، ئاقىل، ئالدىن بىلگۈچى ۋە رەھنىما ساھىبى مەنىسىدە مۇبارەككە سازاۋەر نورانە نام. ئۇ ھەممە قۇرۇلمىلارنى مۇجەسسەم ئۈيۈق قىلىپ كوتۇرۇلگەن تەپەككۇر قۇياشى.

دانىشمەنلىكنىڭ ئىككى ئالقىنىنى ئۇچام قىلغان چىغىغا قارا! ئۇنىڭ ئالقانلىرىنىڭ ئوستىدىن ئىنسانىيەتكە ئاتالغان يېڭى ھەقىقەت جاۋاھىرىنىڭ نۇرى چاقنايدۇ. ئۇنىڭ ئالقانلىرىنىڭ ئاستىدىن شەخسىي ھايات پاجەلىرىدىن ئۇرغىغان پاك، يىللىق قان تارامىلاپ توكۈلىدۇ. ئۇنى ئاكان - ئاكانلاردا بەلكىم ئاھۇ - پەريادلار بىلەن ياش توككەنلەر ئارىسىدا ئۇچرىتالىشىڭ مۇمكىن. ئۇ ھاياتنىڭ ساختا لەززىتىدىن كېچىپ، ئۇنىڭ ھەقىقىي ئازاپلىرىدا ياشايدۇ!

دانىشمەن ئالدىن بىلىپ، ئالدىن ئويغانغاچقا، قەلبى ھەقىقەت، لەۋزى ئادالەت ئوتىدا كويۈپ، كىشىلەر بىلگەن ئامەتلەرنىڭ ئىللەتلىكلىكىنى ئېغىزدىن چىقىرىشتىن ئەيمىنىپ، سۈكۈنات ئىچىدە، نەپرەت ۋە خەيرىخاھلىق ئىچىدە ياشايدۇ! ئويغانماق ھەقىقەتەن ئېغىر ئىش. چۈنكى ئۇ ھەر ئىككى تەرەپنى بىئارام قىلىدۇ!

ئۇ سىرداشقا تەشنا، روھى تېرەك - مۇئەككەلگە تەشنا. ھەقىقىي قەلب ساقىيسىغا تەشنا ھالدا، خاتا ئوبرازلاشتۇرۇشلار، رەشىك - ھاقارەتلەر ئىچىدە مەنىۋىي تەنھالىق ئازابىنى چېكىدۇ.

ئۇ ساڭا تۇن قاراڭغۇسىدا ساڭا قارىغان توغراق دەرىخىدەك كورۈنىشى مۇمكىن. تاڭ شولىسى ئاستىدا ئۇنىڭ ئالتۇن سۇمرۇغلىغىنى ئاڭقىرالايسەن. ھە، ئۇ ئالتۇن سۇمرۇغ! تەنھا، بىراق مىللىون - مىللىون يۇلتۇزلارنى ياراتقۇچى قەلب كامالىتىنىڭ ئىنژېنېرى! ئۇ دوزاق ئوتىدا كويۈپ تۇرسىمۇ، خالايىققا جەننەت دەرۋازىسىنى ئاچقۇچى سىمائىي قەيسەر! ئۇنى ئىقلىمنىڭ ژىراق ئۇپۇغىدىن ياكى مايىتىرى بىلەن ئىمامەدى ئاخىر زامان رىۋايەتلىرىدىن ئىزدىمە، ئۇ ئوز قېشىڭدا، ئۇنىڭ روھى ئوز ئىزىڭدا جاھان كېزىدۇ...

ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن.

فوتو ئېتيۇد

ئىسسىق نانغا مەرھەمەت...

چىڭگىسخاننىڭ قەبرى تېپىلدى

ختاي ئارخېئولوگلىرى ئۆزلىرىگە ئاخىرى چىڭگىسخاننىڭ ھەقىقىي قەبرىنى تېپىش مۇمكىن بولغانلىقى ھەققىدە جاكالىدى. ئۇنىڭ قەبرى قازاقستانغا چېگارىداش شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاۋتونوم رايونىنىڭ تەۋەسىدىن تېپىلدى.

ئېفې ئاگېنتلىقى موڭغۇلىستاننىڭ ئاساسىنى سالغۇچىنىڭ قەبرى چىڭگىل شەھەرى رايونىدىن تېپىلغانلىقى توغرىلىق خەۋەر قىلدى.

بۇ ۋاقىتقىچە ئالىملار ئىشغالىيەتچىنىڭ قەبرى موڭغۇلىستان ئالتايىدا، سۆڭىكى ئۇستەڭ بىلەن باغلاشتۇرۇلغان ئىككى كول ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان، دەپ ھېساپلاپ كەلگەن ئىدى.

«بىز چىڭگىسخاننىڭ ھەقىقىي قەبرىنى تاپتۇق. ئۇنىڭ ئالدىدا تېپىلغان قەبىر موڭغۇل سەردارىغا تەئەللۇق ئەمەس»، - دەپ بىلدۈردى ش ئۇ ئار مۇزېيىنىڭ خادىمى جاڭ خۇئېي.

موڭغۇللارنىڭ رىۋايىتى بويىچە، چىڭگىسخان 1227 - ژىلى شىمالىي ختايدا ئولگەن ۋە ئۇنىڭ يېقىن ئادەملىرى تەرىپىدىن ئوز شەھىرىگە مەخپىي دەپنە قىلىنغان. لېكىن موڭغۇل لەشكەر باشلىغىنىڭ ئېنىق دەپنە قىلىنغان ئورنى توغرىلىق ئالىملارنىڭ يەكدىل پىكرى يوق.

ختاي ئارخېئولوگلىرىنىڭ تەكشۈرۈشىگە قارىغاندا، تېخى قېزىلما ئىشلىرى ئالدا تۇرغان چىڭگىسخاننىڭ قەبرى يېنىدا، يۈئان سۇلالىسىنىڭ (1271 - 1378 - ژىللار) ئاساسچىسى، چىڭگىسخاننىڭ جىيەنى خۇبىلاي خان تەرىپىدىن ئورنىتىلغان، دەپ پەرەز قىلىنىدىغان ئېگىزلىكى 20 ۋە كەڭلىكى 78 مېترلىق خاتىرە تاش تۇرىدۇ.

ئىنتېرفاكس.

شەھەر ھاكىمى پېنسىيونېرلار بىلەن ئۇچراشتى

ئالمۇتا شەھرىنىڭ ھاكىمى ۋىكتور خراپۇنوۋ ئاۋغانىستان ئۇرۇشىدا ۋاپات بولغان ژىگىتلەرنىڭ ئائىلىرى، پېنسىيونېرلار ۋە ئاكالار بىلەن ئۇچرىشىش ئوتكۇزدى.

ھازىر ئالمۇتا شەھرىدە 247 مىڭ پېنسىيونېر بار. جۇمھۇرىيەت بيۇدژېتىدىن ھەر ئايدا پېنسىيە ھەم ئىجتىمائىي ياردەم قىلىش ئۈچۈن بىر مىللىارد 200 مىللىون تەڭگە بولۇنىدۇ. شۇنداقلا ئالمۇتا شەھرىنىڭ پېنسىيونېرلىرىغا يەرلىك بيۇدژېتتىن مەخسۇس دولەت ياردىمىنى ئالمايدىغانلار ئۈچۈن ھەر ئايدا قوشۇمچە 45 مىللىون تەڭگىدىن ئوشۇق ئاخچا ئاجرىتىلىدۇ. موشۇ ۋە باشقا ئىجتىمائىي تولەملەر ئۈچۈن ژىل بېشىدىن تارتىپ يەرلىك بيۇدژېتتىن 726 مىللىون تەڭگە بولۇنۈپتۇ. شۇ نەرسە دىققەتكە سازاۋەركى، مۇنداق مۇھىم چارىنى پەقەت ئالمۇتا شەھرىلا قولغا كەلتۈرۈلگەن.

قىسقىسى، شەھەر ھاكىمىيىتىدە ئوتكۈزۈلگەن ئۇچرىشىش قېرىلار بىلەن كوڭلى يېرىم كىشىلەردە كەلگۈسىگە نىسبەتەن خېلە ئۈمۈت پەيدا قىلدى.

(ئوز مۇخبىرىمىز).

«يېڭى ھايات» تەھرىراتى قازاقستان خەلىق ئارتىستى روشەنگۈل ئىلاخۇنوۋانىڭ ئېغىر ئاغرىقتىن كېيىن ۋاپات بولۇشى مۇناسىۋىتى بىلەن مەرھۇمنىڭ ئائىلىسىگە ۋە قوم - قېرىنداشلىرىغا چوڭقۇر قايغۇرۇپ تەزىيە بىلدۈرىدۇ.

«ئۇيغۇر ئاۋازى» رېداكسىيەسىنىڭ كوللېكتىۋى قازاقستان خەلىق ئارتىستى روشەنگۈل ئىلاخۇنوۋانىڭ ئېغىر ئاغرىقتىن كېيىن ۋاپات بولۇشى مۇناسىۋىتى بىلەن مەرھۇمنىڭ ئائىلىسىگە ۋە قوم - قېرىنداشلىرىغا چوڭقۇر قايغۇرۇپ تەزىيە بىلدۈرىدۇ.

باش مۇھەررىر
ي. ئازاماتوۋ.

يېڭى ھايات

ئالمۇتا، 480044
ئېيەك يولى كوچىسى
50 بىنا، 8 - قەۋەت،
813 - خانە

گېزىتنى تەسىس قىلغۇچى - جاۋاپكەرلىكى چەكلەنگەن «ۋىسال» شىركىتى.
تىراژى 1238 زاكاز 9698

تېلېفون:
33 - 84 - 59

«Йени хаят» (Новая жизнь) индекс 65359, республиканская общественно-политическая газета, регистрационное свидетельство №603 -- Г.
Выдано Министерством культуры, информации и общественного согласия Республики Казахстан 17 марта 1999 г. Учредитель — ТОО "Висал"

گېزىتىمىز سەھىپىلىرىدە بېسىلغان ماقالىلار مۇئەللىپلىرىنىڭ مەۋقەسى بولۇپ ھېساپلانمايدۇ. تەھرىراتىمىزنىڭ مەۋقەسى تەھرىراتتىن ماتېرىياللار قايتۇرۇلمايدۇ ۋە جاۋاپ بېرىلمەيدۇ.